تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زەينۇرە ئەيسا

# بۇلبۇل ناۋاسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

2

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن زەينۇرە ئەيسا

# بۇلبۇل ناۋاسى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابلىز ئۆمەر
تۇختى ئابىخان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# بۇلبۇل ناۋاسى


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787 مم. 1/32 باسما تاۋاق: 4.5
1982 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
سانى: 1—3.500
كىتاپ نومۇرى: M 10264.22
باھاسى: 0.23 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

# بەشكىرەم گۈلباغلىرى

## تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

بەشكىرەم گۈلباغلىرى (سېكىل) ........................ 1
قۇياش ۋە ھەسەن ـ ھۈسەن ........................ 5
ۋەتەن توغرىلىق ناخشا ........................ 7
خالۋاپ ئانا ........................ 8
ئۇلۇغۋارسەن باتۇر جىيفاڭجۈن ........................ 9
يېڭى يىل كېچىسى ........................ 11
گىلەمچى قىز مۇنبەردە ........................ 14
ئۇ، قەلبىمدە. كۆيۈمدە مېنىڭ ........................ 16
سەبەر ناخشىسى (داستان) ........................ 18
ئارختېكتور ........................ 49
بىر قىزغا ........................ 50
يولدا ........................ 52
شېئىر يازسام ........................ 53
يۇرتۇم ........................ 55
ئانا ........................ 60
يىغلىسا ........................ 60

کەچقۇرۇن ........................................ 61
دوگکول ........................................ 62
ئۇستاز ........................................ 64
بىر تەھرىرگە خەت ........................................ 66
چولدىكى بىكەتتە (داستان) ........................................ 68

## ئاق ئەتىر گۈل

### زەينۇرە ئەيسا

قاش تېشىنىڭ سوزى ........................................ 85
ئورگىلەي. تاتلىق بالام ........................................ 87
ئايدىڭ كېچە ........................................ 88
قايدىدۇر ........................................ 89
ساھىپجامال قىز ........................................ 91
ئاق ئەتىر گۈل ........................................ 99
دۇتار ........................................ 100
دەريا بويىدا ........................................ 101
كورمۇدۇم ........................................ 102
ئارمان چىچىكى ........................................ 103
ئۇچرىشىش ........................................ 106
چىچەك دېڭىزى ........................................ 108
باغۇنىم ........................................ 110
تۇيۇق ........................................ 110
ئىنژېنېر ........................................ 111

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەم بازىرىدا ........................ 112
مەسىنىڭ "دوستى" ........................ 113
رەسسام ئاكا سىزىپ بەر ........................ 113
بىر ئۇمۇر ........................ 115
خانتەگرى قىزى ........................ 116
رۇبائىيلار ........................ 117
چىن مۇھەببەت ... (داستان) ........................ 123
ئادەم ـ ئادەمدەك ياشىماق كېرەك ........................ 129
مۇھەببەت كىمگە خاس ........................ 130
ماڭا كېرەكى ئادىمى ئۇرۇن ........................ 131
ئۇركىستىر ........................ 132
تۇنجى يامغۇر ........................ 134
سەن يېتىم ئەمەسسەن، قوزام ........................ 135
كۈلىمەن، يىغلايمەن ........................ 136

تۇرسۇنئاي هۇسەين

# بەشكىرەم گۈلباغلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بەشكىرەم گۈلباغلىرى

(سىكىل)

## گۈلشەن ۋادا

قۇياش ئاستا ئۆرلەپ چىقتى قاتار تاغلار كەينىدىن،
گۈلشەن ۋادا كۈلۈپ كەتتى ئورالغاندەك ئەتلەسكە.
ئىشچان قىزنىڭ يۈزلىرىدەك گۈلدە شەبنەم تامچىسى،
يالتىرايدۇ جىمىرلىشىپ ئوخشار گويا زۇمرەتكە.

شوخلۇق بىلەن شىلدىر - شىلدىر ئېقىۋاتقان كۈمۈش سۇ،
قۇياش بىلەن ئوينىشاتتى چىچىپ مەر - مەر تامچىلار.
ئالتۇن رەڭلىك بۇغدايلىقلار ئارا ماكساك شاتلىنىپ،
گۈلگە ئوخشاش كۆرۈندۇ قىزلار تاقىغان شالچىلار.

گۈل باغلاردىن، بۇغدايلىقتىن ئاڭلىنىدۇ زوق بىلەن،
ئىشچان قىزنىڭ ھەم يىگىتنىڭ تەككەش ئېيتقان ناخشىسى.
گۈلزارلاردا زوق - شوق بىلەن چۇرۇقلىشىپ سايرىشار،
كاككۇك، تورغاي، ئىشچانلارنىڭ ئىلھامچىسى، سازچىسى.

قۇياش كۈلۈپ ئايىماستىن چاچار ئالتۇن نۇرىنى،
گۈل ۋادىغا تىنماي قاراپ ماڭدىم ئاستا قىر بىلەن.
ئەمدى بىلدىم، شاتلىق بىلەن جاراڭلىغان ناخشىلار،
ئاۋۇ باغدىن ياڭرىغانكەن قاراپ ماڭدىم باققا مەن.

## باغ ئىچىدە

گۈلىستان باغ كۆزلىرىمگە گويا جەننەت كۆرۈندى،
ناخشا ئېيتىپ ئۇش قىزىتقان جەننەتنىڭ ھۆر قىزلىرى.
زىننەتلەنگەن مەرۋايىتتەك غۇنچە - غۇنچە تەر بىلەن،
شەبنەم باسقان قىزىلگۈلنى ئەسلىتىدۇ يۈزلىرى.

شىمايلىغان نىپىز بەتىس كۆينەكلەرنىڭ يېڭنى،
كۈن نۇرىدا يالتىرايدۇ قولىدا كەتمەنلىرى.
قۇتۇلغاندىن زۇلۇم، كۈلپەت، ئاسارەتتىن، قايغۇدىن،
بەختى كۈلگەن ھۆر ۋەتەننىڭ شۇ گۈزەل دىلبەرلىرى.

باققا كىرسەم سۇ سېپىلگەن سالقىنغىنا تەكشى يول،
ئىككى تەرەپ قاتار كەتكەن ياشناپ تۇرغان لالىزار.
مەرمەر تاشتەك سۈزۈك سۇلار كۈن نۇرىدا ئويىنىشىپ،
گۈلزارلارغا شەرۋەت بولۇپ ئېرىقلاردا شاقىرار.

شاخلىرىدا راسا پىشقان - مەي باغلىغان مېۋىلەر،
نازلىق قىزدەك قىزىل يۈزلۈك ئالما، توغاچ مارىشار.
لەۋلىرىدىن ئاقار شەرۋەت ھەر خىل، ھەر رەڭ مېۋىنىڭ،
شۇنداق كۆپكى ئانار، شاپتۇل... قاراپ كۆزۈڭ قامشار.

باراڭلاردا تاۋلىنىدۇ ياقۇت ئوخشاش ھوسەينى،
"شەرۋەتلەرگە تولدۇم، — دەيدۇ، — ئېلىپ راساتويۇپ ئال."
قوغۇنلۇقتا شىرنىلىرى ئېقىپ ياتقان ئاق ناۋات،
دەيدۇ گويا: "يېسەڭ داۋا، يېگىن قېنى شېكەر، بال."



تەر - غۇنچىدىن بەھرىلىنىپ مېۋىسىگە شىرىن تەم،
گۈللىرىگە پۇراق ئالغان بەشكىرەمنىڭ بېغى ئۇ.
دېھقان قەلبى تولۇپ ھەۋەس خوشاللىقتا، شاتلىقتا،
راسا ئىشلەپ خوشال - خورام قەن چىشلەشنىڭ چېغى بۇ.

## بەخت باغچىسى

گۈلزارلاردا زوق - شوق بىلەن تورغاي، كاككۇك سايرايدۇ،
بوستان ئارا تارقىلىپتۇ شوخ قۇشلارنىڭ ناۋاسى.
يۈرەكلەرگە ئۆچمەس قىلىپ نەقىش سالار گۈزەل باغ،
شىرىن پۇراق بەخش ئېتەر زەپ يېقىملىق ھاۋاسى.

بىر چاغ باغدىن خوشال يۈگۈرۈپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ،
تىلى تاتلىق ئوماق باللار كەلدى مېنىڭ يېنىمغا.
— سالام سىزگە!
— كېلىڭ ئاچا
— گۈلىمىزدىن تاقاڭ سىز
دەستە - دەستە گۈل تۇتقازدى شىرىن سۆزلەپ قولۇمغا.

شۇدەم شىرىن ھاياجانغا تولدى مېنىڭ يۈرىگىم،
گۈل بىلەن تەڭ ئوماقلارنى سۆيدۈم شۇئان قۇچاقلاپ.
— جۈرۈڭ ئاچا، باغلار ياساپ گۈل تېرىدۇق كۆرۈڭ سىز، —
ئۆزلىرىنىڭ باغچىسىغا ئېلىپ ماڭدى يول باشلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ئاچا، بۇ يەر مۆلۈك باغ، مۇنۇ بولسا قوغۇنلۇق،
— مۇنۇ بولسا ئېرىق - ئۆستەڭ، بۇ بولسا سۇ ئامبىرى.
(قۇمدا ياساپ كىچىك باغچە، سۇ توشۇپتۇ ئېرىقتىن،
كىچىك - كىچىك چىلەك تۇتقان قوللىرىدا ھەر بىرى).

— ئاچا، بىزلەر ياساپ چىققان بۇ گۈلزارلار ياشىنىسا،
گۈل تاقايمىز ئىشتىن يانغان ئاتا - ئانا كوكسىگە.
— سىلەر بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، گۈل - گۈلىستان ياشنىتىپ،
ياسايسىلەر قانچە گۈلزار ھور ۋەتەننىڭ كوكسىگە.

1960 - يىل، قەشقەر.

## قۇياش ۋە ھەسەن - ھۆسەن

يامغۇر توختاپ قۇياش پارلىدى،
ئۇمرەت كەبى يالتىراپ شەبنەم.
ھەسەن - ھۆسەن كورۈندى بىردىن،
ئۇپۇق بويلاپ جۇلاداپ شۇدەم.

نۇرغا تولۇپ بىزەندى ئاسمان،
زەپ چىرايلىق يەتتە خىل رەڭدە.
قىز - جۇۋانلار كۈلىشەر قاراپ،
باغدا، ئۆينىڭ ئوگزىلىرىدە.

..............................

ھەسەن - ھۆسەن قىسىپ كوزىنى،
ئوز ھوسنىدىن غۇرۇرلانغانچە.
بىر كېرىلىپ ئېگىپ بېلىنى،
دىدى كۈلۈپ كۇنگە ئوزىچە:

"سېنىڭ ھوسنۇڭ ھوسۇن بولامدۇ،
سەندە نۇردىن باشقىسى بىكار.
مېنىڭ بىلەن بېزەندى ئۇپۇق،
ھەممە نەرسە مەندىن زوقلىنار."

خىجىل بولدىمۇ، غەزەپلەندىمۇ،
بۇنى بىلمەك تەس ئۇندى شۇ چاغ؛
قىزىللىق باستى قۇياش يۈزىنى،
"كورەرمىز قېنى" دىگەن ھالەتتە،
بۇلۇت كەينىگە ئالدى ئۆزىنى.

شۇ چاغ كوكتە ئاجايىپ ئەھۋال:
چۈشتى گۆگۈم، تۈن ياپتى پەردە.
شۇنچە چىرايلىق ھەسەن - ھۈسەن ھەم،
سىڭدى بىردىن ئۇپۇققا، يەرگە.

كائىناتنى بىزەپ نۇر بىلەن،
بۇلۇتلار ئارا چاچراپ چىقتى كۈن.
گۈزەللىككە پۈركەندى ئەتراپ،
تەبىئەتتىن چىقتى مۇنداق ئۈن:

"تۇغۇلۇش بار، ئۇلۇشمۇ بەرھەق،
لېكىن، ئۇلۇغدۇر قۇياشنىڭ نۇرى.
قۇياشسىز ھايات، بولماس ھېچنىمە،
قۇياشسىز غەلەت دۇنيانىڭ كوزى."

1964 - يىل، قەشقەر.



## ۋەتەن تۇغرىلىق ناخشا

بولغىنىمدا تاغلاردىكى مولدۇر بۇلاق،
مەرۋايىتتەك ئۇنچە چېچىپ ئاقاتتىم مەن.
ئانا ۋەتەن سېنىڭ ئىزىز تۇپرىقىڭغا،
تا مەڭگۈگە كوكرىڭمنى ياقاتتىم مەن.

گەر گۈل بولسام، سېنى قۇچۇپ يىلتىز تارتىپ،
سېنىڭ ئىتىز - قىرلىرىڭدا گۈل ئاچاتتىم.
مەن سېنىڭدىن ھوسنۇمگە نۇر ئېپ تاۋلىنىپ،
ئىپار كەبى بەكمۇ خۇشبۇي ھىد چاچاتتىم.

ئىنسانمەنكى، ئانا يەرگە گۈللەر تېرىپ،
ئوتمەكچىمەن قان ھەم تەردىن زىننەت بېرىپ.
سېنىڭ ئىشقىڭ كوزۈمدە نۇر، تەندە كۈچتۇر،
شۇڭا ئەسلا قالمىغايمەن چارچاپ ھېرىپ.

جانىجانىم، كوز نۇرۇمسەن ئانا تۇپراق،
زىلال سۈيۈڭ مېنىڭ ئۈچۈن ئارتۇق قەندىن.
سەندىكى ساپ ھاۋا بىرەر ماڭا ھايات،
ئېرىق يېرىڭ مېنىڭ ئۈچۈن ئىزىز تەندىن.

قۇچىغىڭدا شاۋقۇنلىنىپ جۇشقۇن ئاققان،
تىنىمدىكى قان - تومۇردۇر، ئەمەس دەريا.
تىغاقلارغا كوكرەك يېقىپ دولقۇن ئاتقان،
دېڭىز ئەمەس، سېنى سويگەن قەلبىم گويا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تاغ - ئېدىرلار، ئېتىز - قىرلار، ئورمانلىرىڭ،
بەخت قايناپ تاشقان گۈزەل يايلىغىمدۇر.
قەلبىمدىكى ئوتلۇق مېھرى ھارارىتىڭ،
ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئېسىل، زور بايلىغىمدۇر.

ئېزىلگەنگە غەمگۇزار سەن ئانا ۋەتەن،
شۇڭا جاھان يوقسۇللىرى سۆيەر سېنى.
ئەرك ئۈچۈن، بەخت ئۈچۈن كۈرەشكەنلەر،
ئەڭ ئىشەشلىك سادىق دوست دەپ بىلەر سېنى.

جانىجانىم، كۆز نۇرۇمسەن ئانا تۇپراق،
سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىمسەن ئېزىز تەندە.
سېنى ئاسراپ ھاياتىمنى قىلىش تەقدىم،
سېنى مەڭگۈ كۈيلەش ئۇلۇق ئارزۇ مەندە.

1965 - يىل، قەشقەر.

## خالۋاپ ئانا

قىزىلگۈل، ئەتىر گۈل ھەممە گۈزۈملۈك.
باغچىسى چىرايلىق مۇشۇ ھويلىنىڭ.
يىراق ۋە يېقىنغا داڭقى تارالغان،
پىشقەدەم گىلەمچى نىسا ئايلىنىڭ.



چاچلىرى ئاقارغان خۇددى كۈمۈشتەك،
بارغاندۇ يېشىمۇ بەلكى يەتمىشكە.
دەستىگاھ ئالدىدىن كەتمەيدۇ زادى،
نىساخان ھارمايدۇ ئىشلەپ نەمىشكە.

بەختىيار تۇرمۇشنى، دىل شاتلىغىنى،
رەڭگا - رەڭ گىلەمگە قىلىدۇ نەقىش.
"كەلكۈن" ھەم "ئەدىيال" ... ھەر خىل نۇسخىسى،
قەلبىڭگە زوق، ئىلھام ئېتىدۇ بەخش.

پايتەخت زالىغا سېلىنغان گىلەم،
نىساخان ئانىنىڭ غۇرۇرى، پەخرى.
شۇ گىلەم ھۆسنىدە ئېتىدۇ ئەكس،
گىلەمچى ئانىنىڭ غۇرۇرى، بەختى.

1975 - يىل

## ئۇلۇغۋار سەن باتۇر جىيىفاڭجۈن

شان - شەرەپلىك جىيىفاڭجۈن ئۆزۈڭ،
باتۇرلۇقنىڭ، غەلبىنىڭ كانى.
سەن بولغاچقا ئۇلۇق ئېلىمنىڭ،
قوغدالماقتا شۆھرىتى، شانى.

ۋەتىنىمنىڭ سەن بۈيۈك گىگانت —
يېمىرىلمەس پۇلات قورغانى.
سېنى باتۇر قىلىپ ئۇستۇرگەن،
ماۋزېدوڭنىڭ ئۇلۇق سىياسىتى.

بەختىمىزنى قوغدايسەن كۈن - تۈن،
كوكنى تىرەپ تۇرغان تاغ بولۇپ.
سېنىڭ ئىزىڭ چۈشكەن تاغۇ - دەشت،
ئەنئۇەندەك بولدى باغ بولۇپ.

دادۇخېنىڭ زۇمرەت دولقۇنى،
سېنى كۈيلەپ خوشال شاقىرار.
جەنۇپتا ھەم ئۇزاق شىمالدا،
ساۋ خېيىگىنىڭ ئىزى پارقىرار.

كۈيلىمەكتە سېنىڭ ھەسسەگىنى،
داچىڭدىكى نېفىت دەرياسى.
كۈيلىمەكتە سېنىڭ قىسسەگىنى،
تىيانشاننىڭ بۇلبۇلگوياسى.

سويۇندۇ ئەسلىسە سېنى،
چاۋشەندىكى تۇققان - قېرىنداش.
پەخىرلىنىپ سوزلە ھىكايە،
بىللە بولغان جەڭچى ئاكۇپداش.



نەۋقىران بىر باتۇر شۇڭقار سەن،
غەلىبىدىن قاناتلار قاققان.
ۋەتىنىمنىڭ دەريا - تېغىنى،
سويۇپ دىلىدىن باغرىنى ياققان.

ئۇلۇغۋار سەن باتۇر ئارمىيەم،
تەبرىكلەيمەن قۇتلۇق تويۇڭنى.
چەكسىز ھورمەت ئىپتىخار بىلەن،
تەقدىم ئەتتىم مۇشۇ كويۇمنى.

1977 - يىل، ئۇرۇمچى.

## يېڭى يىل كېچىسى

يېڭى يىلنىڭ ئاخشىمى زەپ مۇسەپپا بىر تۈن،
رەڭدار چىراق نۇرلىرىغا چومۇلگەن ھەر يان؛
ھەممە يورۇق چېھرىلەردىن ياغىدۇ شاتلىق
چەكسىز خوشلۇق كۈلكە بىلەن يايرايدۇ ھەر جان؛
ئۈتۈق بىلەن ئۇزاپ كەتتى بۈگۈن كونا يىل
كۈندەك پارلار ئالدىمىزدا كەلگۈسى نىشان.

يىگىتلەرنىڭ قەلبى گۈزەل ئارزۇلارغا بەنت.
گۈزەل قىزلار خوشلۇقىدا كۈلۈشەر خەندان.
ياڭرار مۇقام، ئەل نەغمىسى، جاراڭلار ئەتراپ،
نازۇك تەنلەر سىرغىپ ئۇينار يايرىشىپ چەندان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇرۇختۇرما ئۇن يىلنى، مەن چۈشەردىم ئەسكە،
ئۇتتى ئۇلار، ئوينىماي ھەم كۈلمەي باغرى قان،
كىنو، كىتاپ، ئۇسۇل – ناخشا، مەنىۋى تۇرمۇش،
ئىلىم – پەن ھەم ئىجادىيەت قىلىندى پايىخان،
ئەقىل – ئىدرەك ئىگىلدى بولدى بەكمۇ خار،
ئەقىلسىزلەر يۇرتنى سوراپ سۈرۈشتى دەۋران،
ئىخ! ياشلىقىم، جۇشقۇنلۇغۇم كەتتى بىھۇدە،
نەچچە يىللىق مېھنەت ئەجرىم قىلىندى ۋەيران.
يە بىر كىتاپ، يە بىر قەلەم قالمىدى مەندە،
توھمەتخورلار ئالدىدا مەن بولدۇم جىن – شەيتان.
ئاشۇ مەھەل ھايدالدىم ھەم خىزمەتتىن، يۇرتتىن،
باسقان ئىدى گەدىنىمدىن ھاقارەت – بوھتان.
مەن پالاندىم ئىنسان ئاياق باسمىغان جايغا،
قايغۇ – ئەلەم چوللىرىدە بولدۇم كوپ سەرسان.
باياۋاندا بوز يەر ئاچتۇق، يۈزدەك "گۇناكار"،
بىرتوك ئىدى بېشىمىزدا بىر سولچى خاقان.
مىلتىق بىلەن ساقلار بىزنى كېچەيۇ – كۈندۈز،
نۇگىنۇ كەبى يەلكىمىزدە سورىدۇق ساپان.
"ياخشىلاردىن ئات قالىدۇ يامانلاردىن دات"
ئاقىلانە ماقالدۇر بۇ قەدىمدىن قالغان.
بىزلەر چاپقان كەتمەنلەرنىڭ ئىزى بولدى گۈل
يېشىل كىمخاپ تون يېپىندى چەكسىز باياۋان.
ھەقىقەتنى باھالاشتا خەلق ئەڭ ئادىل،
قالدۇققۇ بىز خەلقىمىزنىڭ ئاغزىدا داستان.
لەنەتلەرگە مۇپتىلا بوپ كويىدۇرگە شۇملار،
بولدى رەسۋا ئەل ئالدىدا ئىچىلدى يالغان.



يالماۋۇزنىڭ ئاچ ئاغزىدىن قۇتقازدى بىزنى،
كومپارتىيە يولباشچىمىز بىزگە قەدىردان.
قۇتۇلمساق گور ئاغزىدىن ئەگەردە بىزلەر
بونداق خوشال جەم بولۇشقا نەدىدى ئىمكان.
كەلگۈسىگە شىجائەتلىك تاشلايلى قەدەم،
ئېيتقىن ناخشا، ئوينا ئۇسۇل ئەي دوستۇ – ياران.

ئەنە بەخت مۇقامىغا ياڭرايدۇ دۇتار،
ئۇ كىچىلەرنىڭ ئاستىدا پىر ئايلىنىدۇ يەر،
بۇلبۇل بولۇپ پەلەكلەرگە ئۇچىدۇ ناخشا
قانىتىنى يېيىپ تۈزدەك ئوينار پەرىلەر.
كۆي كۈيلىمەس، شادىيانىغا ئوينىماس نىچۈن
قۇياش پارلاپ، دىللار يايراپ، كۈلسە تىلەكلەر.
بۈگۈن بۇندا جەم بولۇپتۇ، يېڭى سەپەردە
پەرھات بولۇپ تاغنى يارغان باتۇر بىلەكلەر.
گۈزەل، پارلاق كېلىچەككە بولۇپ جىن ئاشىق،
ئىشقى ئوتى گۈلخان بولغان ئوتلۇق يۈرەكلەر.
كەلگۈسىگە شىجائەتلىك تاشلايلى قەدەم،
ئۇلۇق ئىشلار ئۈچۈن ئەندى تۈزەيلى پىلان.
ئاغدۇرۇلدى يەلكىلەردىن بالانىڭ تېغى،
ئېلىمىزنى قۇدرەتلىك قىپ تۈزەيلى ئوبدان.

ئېزىز دوستۇم، مۇڭغا چوكۇپ قالىسەن نىچۈن،
ئۇ كۈندىكىمۇ ئاسارەتلىك ئون يىلنىڭ ئۈچۈن.
باھار كەلسە بىخلار سۈرۈپ ياشىرار دەرەخ،
قىش سوغىدا قاقشال قىلىپ قويىسىمۇ جۇدۇن.

كومپارتىيە بەخش ئەتكەن يېڭى دەۋردە،
خۇددى باھار نوتىسىدەك ياشاردۇق بۈگۈن،
يۈرەكلەردە سۆيگۈ ئوتى لاۋۇلدار ئەجەپ،
گۈزەل يارنىڭ رۇخسارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن.
يار ۋەسلىگە يېتىشكە قالمىدى ئۇزاق،
ھە، يېگىرمە داۋان ئاشساق يېتىمىز پۈتۈن.
قېنى كۆرەش تۇلپارىنى مىنەيلى دەرھال،
دىلدىن سۆيگەن ئىستىقبالغا تېز يېتىش ئۈچۈن.

يېڭى يىلنىڭ ئاخشىمى زەپ مۇسەپپابۇ، تۈن،
يېڭى بەخت شاتلىقىدا ئوينايدۇ دىلىم.
يېڭى بەخت قوشىقىنى ئېيتتىم زوق بىلەن،
بەختىم يېڭى، ھەم يېڭىدۇر بۈگۈن بۇ يېشىم.
يېڭى يىلنىڭ شەرىپىگە توقۇدۇم قوشاق،
بەخت ئىچىدە يۈرەك بىردەم تاپمىغاچ تىنىم.

1978 - يىل، ئۈرۈمچى.

## گىلەمچى قىز مۇنبەردە

گويا يايلاق پۈركەنگەندەك تۈرلۈك دالا گۈللىرىگە
زال تولغانتى ھەر مىللەتنىڭ ئىلغار يىگىت - قىزلىرىگە.
گىلەمچى ياش ئۇيغۇر قىزى، سۆزلەر خۇشال زوققا تولۇپ،
ئەنە بۈگۈن كومسومۇللار قۇرۇلتىيى مۇنبىرىدە.



ئاڭلىغانىمەن چوڭ ئانىسى ئۆلگەن ئىكەن قانلار يۇتۇپ،
مەن بىلىمەن ئانىسىمۇ دۈمچەك بولغان ياشلا تۇرۇپ.
دەستىگاھنىڭ ئالدىدىن ھېچ قوپالمايتتى كېچە - كۈندۈز،
پۇتلىرىدا يوغان كوتەك ھەم سىلىنغاچ ئېغىر قولۇپ.

بىر يېنىدا سۇ قاپىقى، بىر يېنىدا تېرىق نېنى،
دەستىگاھتا ئۆمرى ئۆتۈپ ئازلا قالغان ئىدى جېنى.
ئۇ توقۇغان گىلەملەرنىڭ سانسىز ئاقاق ئۈرۈشىنى،
بوياق ئەمەس بويىغىنى كۆزدىن ئاققان ياش ۋە قېنى.

بەخت ئىچىدە ئۆستى بۈگۈن تەلەيلىك قىز گۈلى رەنا،
ماڭلىيىدىن سۆيدى قۇياش، بەخت بەردى داھى دانا.
ئانىسىنىڭ پەنجىسىنى، قايچىسىنى تۇتۇپ ئۇ قىز،
توقۇماقتا گۈزەل گىلەم بار بۇنىڭدا چوڭقۇر مەنا.

قىز قەلبىگە يېڭى باھار چەكسىز شاتلىق بەخش ئەتتى،
"بەخت" ناملىق گىلەم توقۇپ ئەل بەختىنى نەقىش ئەتتى.
ئاشۇ گىلەم كۆز چاقناتتى بۈگۈن جاھان بازىرىدا،
كۈيلەپ خەلقىم ئىدرىكىنى يەر جاھانغا داڭقى كەتتى.

كومپارتىيە باشلاپ ماڭدى بىزنى گۈزەل ئىستىقبالغا،
شۇڭقار بولۇپ ئۆرلىمەكتە گىلەمچى قىز دادىل ئالغا.
ئاشۇ گۈزەل ئىستىقبالنى نەقىش قىلىپ گىلىمىگە
كۆرسىتىشكە قىز جاسارەت قەسەم بەردى ھاياجاندا!

1978 - يىل ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۇ قەلبىمدە، كۆيۈمدە مېنىڭ

سايرايمەن بۇلبۇل، بوپ، سايرايمەن تىنماي،
ئېيتىمەن ئىشچانلار سويگەن ناخشىنى.
كۈيلەيمەن كۈيۈمدە، كۈيلەيمەن تىنماي،
دادۇينىڭ شۇجىسى داڭدار ياخشىنى.

چاچلىرىڭ ياختىدەك ئاقارغان ئانا
ۋە لېكىن كوزۇمگە كورۇنۇسەن ياش.
يۈزۈڭنى باسقاندۇر نۇرلۇق سىزىقلار
ۋە لېكىن قەلبىڭدە پارلايدۇ قۇياش.

ئىلغار بوپ يېزىدا ياشلار قاتارى،
ئۆتكەن يىل تاقىدىڭ كوكسۇڭگە مېدال.
غەيرىتىڭ يېتىپتۇ پەلەككە يەنە
كۈلدۈڭسەن ھەي ئانا، ئاجايىپ خوشال.

ئەسلىسەڭ ۋەدەڭنى چاقنايدۇ كوزۇڭ،
ئەسلىسەڭ شۇ كۈننى توكمەس سوزۇڭ.
تومۇرۇڭ قېتىدا ئاقىدۇ قۇۋۋەت،
پەلەككە قاناتلار قاقسەن ئوزۇڭ.



يېتەكلەپ ئاممىنى شۇ يىلى كۈزدە،
ئەسىرلىك تىنىڭ يەرگە باشلىدىڭ ئۇرۇش.
ھاياتسىز چوللۇكتە قايندى ھايات،
بوز يەردە باشلىدىڭ كاتتا قۇرۇلۇش.

ئالتۇنىنىڭ كانىغا ئايلاندى بوز يەر،
ئەمەلگە ئاشماقتا ئەسىرلىك خىيال.
بىپايان چوللۇكتە قايندى ھايات،
كىم سېنى دەر موماي ۋە ياكى ئايال.

كۆمۈشتەك چېچىڭغا قارىسام ئانا،
ئوتمۇشۇڭ ئېسىمگە چۈشىدۇ مانا.
قول ئىدىڭ، گۈل بولدۇڭ يەتتىڭ مىراتقا،
پارتىيە بەردى بۇ بەختىنى ساڭا.

× × ×

سايرايمەن بۇلبۇل بوپ، سايرايمەن تىنماي،
ئېيتىمەن ئىشچانلار سويگەن ناخشىنى.
كۈيلەيمەن كۈيۈمدە، كۈيلەيمەن تىنماي،
جەننەتخان شۇجىنى — داڭدار ياخشىنى.

1979 - يىل

## سەپەر ناخشىسى

(داستان)

### مۇقەددىمە

قۇمباغ ۋە ئالتۇنبۇلاق دادۇيىدە
ئەتراپقا داڭقى كەتكەن ئىككى ياشنىڭ،
"پالۋان" دەپ ئاتىلاركەن يىگىت ئۇندا
"چېۋەز" دەپ نامى باركەن قەلەم قاشنىڭ.

گۈلارنى يولدا كوردۇم تالاي قېتىم،
قەلبىمنى شىجائىتى ئەتتى شەيدا.
ئەزىمەت شوپۇرلارنىكۈيلەي دىگەن
ئىشتىياق يۈرۈگۈمدە بولدى پەيدا.

### 1 - باپ يولدىكى ئۇچرىشىش

چىرايلىق كۆلۈپ يۇرتقا كەلدى باھار،
قىيالار، ئىدىرلاردا كورۇنمەس قار.
قىيان سۇ ئۇرغۇپ ئاقار جىرالاردىن
مۇنبەت يەر ئىللىق نەپەس ئېلىپ ياتار.



ئاسماندا تۇرنا كېلەر قاتار - قاتار،
ئۇسمۇرلەر قالىغاچقا ئۇگا ياسار.
ئېتىزدا تىراكتۇرلار گۈلدۈرلەيدۇ،
موتورنىڭ ئۈنى چەكسىز بوزنى قۇچار.

قۇياشنىڭ نۇرلىرىدا كۈلۈپ يايراپ
ياتىدۇ زۇمرەت تاغنىڭ ئېتەكلىرى.
گوياكى تۇنجى ياققان ئاپپاق قاردەك
ئېچىلغان ئىدى ئۈرۈك چېچەكلىرى.

ئۈزۈن يول خۇددى گۈزەل كۈمۈش بەلۋاغ،
بۇككىدە دەرەخزارلىق ئىككى چېتى.
چېچەكزار ئاپپاق پېزا يوللىرىدا،
كەلمەكتە بىر ماشىنا ئۇچقان پېتى.

كابىنكا كۈن نۇرىدا تۇرار چاقناپ،
موتورنىڭ يىراقلارغا ئۈنى كېتەر.
توتىنچى تېزلىك بىلەن ماشىنىنى
ياش يىگىت زوقى بىلەن ھەيدەپ كېلەر.

يىگىتنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ ئوتەر،
كابىنكا كوزنىگىدىن ئۇرغان شامال.
ماشىنا ئۇچار خۇددى ئوقيا كەبى
شوپۇرنىڭ قەلبىگە زوق بېرەر بۇ ھال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بالىلىق چېغىدىلا ماشىنىنى
ھەيدەشنى قىلار ئىدى ھەۋەس.
گۇر قىلىپ ئۇقتەك ئۇچسا پولات ئاتلار،
زوقلىنىپ قارار ئىدى ئاڭا بىر پەس.

بۇلتۇر كۈز (مول - ھوسۇللۇق ئالتۇن پەسىل)
قۇمباغمۇ بىر ماشىنا ئالدى سېتىپ.
ھەر ئۇنىڭ ھەۋەسكارى مەمەتجانغا
ماشىنا ھەيدەش ئەمدى بولدى نىسىپ.

كابىنكا ياش يىگىتنىڭ گويا ئۆيى،
ماشىنا چىن دىلىدىن سويگەن يارى.
كۈندۈز - كېچە ئايرىلمايدۇ قەدىردانىدىن،
چېتىلغان كەبى ئاڭا يۈرەك تارى.

ئىسقىرتىپ كېلەر ئىدى شوخ بىر كۈيگە،
زوق بىلەن گاھى ناخشا كېتەر ئېيتىپ.
گويا توز قانتىدەك ۋادىلارنى
ۋە تۈپ - تۈز ئۇزۇن يولنى كۈيگە قېتىپ.

ماشىنا كېلەر ئىدى ئۇرۇقلۇقنى
كوزۇپقا لىق تولدۇرۇپ (پەۋەس بېسىپ).
ئىككى يۈز كىلومېتىر يول باسقاندا!
بىر "جېيفاڭ" ماشىنىدىن كەتتى ئۆتۈپ.



ئۆتكەندە ماشىنىدىن يانداپ شۇ چاغ
كىمدۇ دەپ "يالت" قىلىپلا قارىدى تېز
ئەجەپ ئىش،
كابىنكىدا كۈلۈمسىرەپ
رول تۇتۇپ ئولتۇراتتى بىر گۈزەل قىز.

يىگىتنىڭ تېچ ياتقان يۈرىكىنى
ھەيرانلىق ھەم ھاياجان ئالدى چۇلغاپ،
ئارقىدا كېلىۋاتقان ماشىنىغا
پات - پاتلا قارار ئىدى بويىن تولغاپ.

ئۇشتۇمتۇت تاراقلىدى موتور ئەجەپ،
ماشىنا ئاستىلىدى بۇ دەم بىرئاز.
قىزچاقنىڭ ماشىنىسى كەلدى يېتىپ،
ياڭرىدى يېقىملىق بىر خۇشخۇي ئاۋاز:

"ھە، ئۇستام، قېنى غەيرەت نەگە كەتتى،
ئاستىلاپ قالدى ئەجەپ ماشىنىڭىز.
ئاۋازى غەلىتىلا ئاڭلىنىدۇ،
تۇمۇقاپ قالدىمىكىن موتورىڭىز."

يىگىتمۇ بەردى جاۋاپ شوخلۇق بىلەن:
"تولپارىم تېخى زادى تالغىنى يوق،
ئۆتكەندىن بۇيان پېقىر ئىلكىگە ئۇ
مەنزىلگە يېتەلمەستىن قالغىنى يوق."

ياش يىگىت كۆچەپ شۇئان باستى گازنى،
تېزلىكنى ئاشۇردى ئۇ ئەندى ھەدەپ.
ئىچىدە ئويلايتتى ئۇ: "كېتىپ ئالاي،
شۇ قىزنىڭ كۆلكىسىگە بولماي سەۋەپ."

كونىلار بىلىپ ئېيتقان "ئاغرىقنى گەر
بوشۇرساڭ ئاشكارىدۇر ئۇلۇمى" دەپ.
گوياكى يىگىت بىلەن قىرىشقاندەك،
توختىدى ماشىنىمۇ ئۇنى پەسلەپ.

خىجىللىق ئىلكىدە ھەم بولۇپ تىت - تىت،
ياش يىگىت كابىنكىدىن چۈشتى يەرگە.
موتورنى تەكشۈردى ئۇ ئېچىپ شۇ ئان،
كېسەلنى تاپالماستىن پاتتى تەرگە.

شۇ ئاندا گۈرۈلدىتىپ ماشىنىنى،
بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى گۈزەل قىزمۇ —
دىدى ئۇ: "كەتتىڭىز دەپ ئويلىسام مەن،
مەنزىلگە يەتمەي بۇندا تۇرۇپسىزغۇ؟".

"بۇنىڭغا راست تۇمۇ تەككەنمىكىن؟
نىمە ئىش بولغىنىنى بولماس بىلىپ".
توختىتىپ ماشىنىنى چۈشتى ئۇ قىز،
كېلىشكەن بەدىنىنى يىنىك ئېلىپ.



يۇمۇلاق، بۇغداي ئوڭلۇك يۈزلىرىنى،
زىننەتلەر ئەگىم - ئەگىم قەلەم قېشى.
كېلىشكەن زىبا بەدەن، غۇنچە بويلۇق،
يىگىرمە ئىككىلەردە باردۇر يېشى.

چاقنىغان ئۇنىڭ شەھلا كوزلىرىنى،
گويا تۈن كېچىدىكى يۇلتۇز دەيسەن.
جالادەك ئۇزۇن ئورۇم چاچلىرىنى،
قاپقارا بۇلۇت ياكى قۇندۇز دەيسەن.

يارىشىپ پاكىز، رەتلىك ئىشچى كىيىم،
ھوسنىگە يەنە ھوسۇن قوشقان ئىدى.
چېچىغا كېلىشتۇرۇپ قىسۋالغان،
بار ئىدى چوغدەك قىزىل گۈلى تېخى.

تاڭ پەيتى گۈلزاردىكى گۈلغۇنچىدەك،
ھال رەڭلىك لەۋلىرىدە تەبەسسۇمى.
كابۇتنى ئېچىپ بىر دەم تەكشۈردى - دە،
يىگىتكە قاراپ ئۇ قىز مۇنداق دىدى:

"بايىلا ئاۋازىدىن بىلگەن ئىدىم،
كويۇپتۇ ئويلىغاندەك پاچىمىنگى.
ئەتتەڭگەي يوق ئىدى - دە، زاپاس مەندە،
ئەتىگەن ئىشلەتكەنتىم ئۇنى تېخى".

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

"يوق ئىدى ئۇزەمدىمۇ، — دىدى يىگىت، —
يېگىنى قەيەردىمۇ تاپاي ئەمدى".
ئىچىدە جىلى بولۇپ ئويلايدۇ ئۇ:
"بۇ قىزنىڭ كۆلكىسىگە قالدىم ئەمدى".

قەلەمدەك قاشلىرىنى تۈرۈپ بىر دەم،
تۇردى قىز بۇ ئىش ئۈچۈن ئويلاپ ئامال.
"بىر ئەپلىك چارە تاپتىم، قاراڭ" دەپ ئۇ،
يىگىتكە قىلدى خىتاپ شۇ دەم خوشال.

بىر يېگى خىروم پىدەي ئالدى - دە، قىز،
پاچىمنىڭ ئۈچۈن دەرھال كەستى چەللەپ.
قىردى ھەم سىلىقلىدى پىدەينى ئۇ،
ھەم ئۇنى ئوز جايىغا سالدى دەللەپ.

يىگىتنى خىجالەتنىڭ كىيمىسىدە،
ھەيرانلىق دەرياسىغا سالدى بۇ ھال.
قىز دىدى: "ئۈچ - توت سائەت چىداش بىرەر،
بىكەتكە يېتىشكە بۇنداق ئامال".

"چىۋەر قىز، — دىدى يىگىت تارتىنغاندەك، —
بىلىشكە بولامدىكىن ئىسمىڭىزنى.
يۇرتىڭىزنى قىز - يىگىتكە سوزلەر ئىدىم،
چىۋەرلىك، ماھارەتلىك ھەم بىگىسىڭىزنى".



كۆلدى قىز، گۈلدۈرلەتتى موتورىنى،
گوياكى قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتتى.
شۇ كۆلكە (بۇنى تېخى بىلمەيدۇ قىز)،
يىگىتنىڭ يۈرىگىنى قوچۇپ كەتتى.

تاش يولدا قوغلاشقاندەك ئىككى "جىپفاڭ"،
بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بارار.
ياندىكى ئەينىگىدىن كورۇپ قىزنى،
ياش يىگىت زوقى بىلەن كۈلۈپ قويار.

بۇككىدە چېچەكزارلىق يولنىڭ چېتى،
يېقىنلاپ ماشىنىغا ئاچار ئىتەك.
بۇلارنى قۇتلىغاندەك تاغ ساباسى،
كابىنكا كوزنىگىدىن تاشلار چېچەك.

يىگىتنىڭ يۈرىگىدە ئاجايىپ ھىس،
ئۇچقۇر شوخ خىياللارغا پىتىپ كەلدى.
قومباغنىڭ چېگرىسىغا يېقىنلىشىپ،
ئىككى يول ئاچىلىغا يېتىپ كەلدى.

"قومباققا چۈشۈپ ئوتۇڭ، — دىدى يىگىت، —
كورۇسىز بىزنىڭ يېگى يېرىمىزنى"،
"كورۇشكە كەلمەكچىمەن، — دىدى ئۇ قىز، —
سىزمۇ بىر كورۈڭ تاغلىق يېزىمىزنى".

گۈزەل قىز گۈكىرتىپ ماشىنىنى،
چېچەكزار يولى ئارا مېڭىپ كەتتى.
ئۇ كەتتى، لېكىن يىگىت يۈرىكىگە
سوۋۇماس ھارارەتنى سېلىپ كەتتى.

## 2 - باپ. گۈزەل ئارزۇ

ھەر كىمنىڭ بار ئۆزگىچە پەزىلىتى،
ھەر يۇرتنىڭ ئۆز ھۆسنى بار، زىننىتى بار.
تەبىئەت «ئالتۇنبۇلاق» دادۇيىگە،
ئاجايىپ گۈزەللىكنى قىلغانتى يار.

تولغىنىپ خۇددى كۈمۈچ بىلەيزۈكتەك،
كۆۋەجەپ پەستە ئىككى دەريا ئاقار.
قۇچاقلاپ مول ھوسۇللۇق قىرغاقلارنى،
چىن مېھرى بىلەن گويا باغرىنى ياقار.

شاپتۇلا، ئالما ئانار، ياۋا ئۈرۈك،
قاپتالنى زىننەتلەپتۇ ئېچىپ چېچەك.
رەڭگا - رەڭ تاغ گۈللىرى پاياندازدۇر،
جەننەتتەك بىر ماكاندىن بىرەر دېرەك.

بۇ يەرلەر ئەگىم - ئەگىم ھەممە تىكتۇر،
بارغانچە ئىگىزلىككە ئۆرلەيدۇ يول.
ماشىنا ماڭار ئاستا بېرىپ سىگنال،
يول بۇندا يىلان ئىزى، ئەمەس ئۇدۇل.



شۇ يولدا ماشىنىنى ھەيدەپ چەۋەر،
كەلمەكتە قەلەم قاشلىق، كوزى شەھلا.
قەلبىنىڭ سۈزۈك، نۇرلۇق ئاسمىنىدا،
ئەندىشە بۇلۇتلىرى كەزمەس ئەسلا.

بۇ يوللار قىزغا تونۇش ئەزەلدىنلا،
ئىزلىرى چۈشكەن ھەر تاش قىيالارغا.
بىر چاغلار يۈدۈپ ئەپلىك شىگىلىسىنى،
ماڭغانتى چومۇپ شېرىن خىياللارغا.

ئۇ چاغلار تاغ يوللىرى چىغىر ئىدى،
ماشىنا تۈگۈل ئۇلاق ئۆتەلمىگەن.
يۈز ياشار قېرىلارمۇ باشقا يۇرتنى،
ئۆمرىدە بېرىپ سەيلى ئېتەلمىگەن.

بۇندىكى ئالتە داۋان، چوڭقۇر ھاڭلار،
گوياكى كويىقاپتەك تۇيۇلاتتى.
يۈرەكلىك ئەزىمەتمۇ ئۆتكىنىدە،
تەشۋىشتىن بېشىدىن تەر قۇيۇلاتتى.

ئېيتىڭا، ئاڭلىمىدى دەمسىز شۇ قىز،
كىملەرنىڭ تەھدىت، تەنە - تاپىسىنى.
تېخنىكا ئىگەللەشكە ماڭدى ئاخىر،
كوندۇرۇپ تەشۋىشلەنگەن ئانىسىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر يىلى «ئالتۇنبۇلاق» باتۇرلىرى،
پارتىلىتىپ تاغۇ ـ تاشنى، قۇراملارنى!
قاپتالنى ئايلاندۇرۇپ ياسىدى يول،
ئۇركىتىپ ئارقار، كىيىك، ماراللارنى...

شۇنىڭدىن بۇيان «ئالتۇنبۇلاق» لىققا،
قوغۇنلۇق يولى بولۇپ قالدى شەھەر.
تۈنجى رەت ماشىنىنىڭ گۇدۇگىدىن،
ئويغاندى تاغلىق مەلە بىر تاڭ سەھەر.

مەلىگە موجىزاتنى ئېلىپ كەلگەن،
قەلبىدە چوغى بار شۇ رەنا ئىدى.
ھوسنىمۇ، قەلبىمۇ ھەم باغدەك گۈزەل،
قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بەرنا ئىدى.

ئېيخ! ئەمدى ئۇ ئىشلارغا خېلى بولدى،
ئويلاپ قىز يىپقىملىق بىر كۈلۈپ قويدى.
داۋاندىن ئۆتۈپ يېزا يوللىرىدا،
قىزلىتىپ ئۇ بەشىنچى خوتقا قويدى.

ئېتىزدا دولقۇنلايدۇ يىپىشىل مايسا،
بۇ يىلقى مول ھوسۇلدىن بېرىپ بەلگە.
خوشاللىق چولغۇۋالدى قىز دىلىنى،
ھېقىقەتەك لەۋلىرىدە ياندى كۈلكە.



مايسىغا سۇ ياقلاپ يۈرەر قىزلار،
چىمەندە قىزىل لالە ئېچىلغاندەك.
ماشىنا قارشىسىغا ئۇچتى ئۇلار،
جىنىغا گوياكى جان قېتىلغاندەك.

كوزۇپتىن خالتا ـ خالتا ئوغۇتلارنى،
ئۇزاتتى رەنا بىر دەم تاپماي تىنىم.
"ھارغانسەن تىنماي قاتناپ، — دېدى قىزلار، —
قويغىنا، ئەمدى ئارام ئالغىن جېنىم".

تۇگىدى بىر كۈنلۈك ئىش، لېكىن قىزنىڭ،
ئويىگە كەتكىسى ھېچ كەتمەس ئىدى.
دىلىدا ئويغانغان ھىس ـ ھاياجاننى،
ھېچكىمگە زادى بايان ئەتمەس ئىدى.

مايسىغا ئوغۇت چاچقاچ ئويلايدۇ ئۇ،
يولدىكى كورۇنۇشنى ئەسلەپ بىر ـ بىر.
"نېمىشقا ئىسمىمنى مەن ئېيتمىدىمكىن؟"
ئويلايدۇ چۈشىنەلمەي بۇنى ھېچبىر.

"ئەجەپ ئىش، ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى كىمكىن؟
ئۇ بىزنىڭ كەنتىمىزنى بىلەمدىكىن.
ماشىنا نومۇرىدىن بىلگەن بولسا،
بىر كۈنى بىز تەرەپكە كېلەمدىكىن؟"

## 3 - باپ. شىرىن تۇيغۇ

ئۇتقاشتەك نۇرلىرىغا كەچكى شەپەق،
چۆمدۈردى كەڭ دالىنى، ئېدىرلارنى.
شوخ كۆلكە، چۇقان - سۈرەن كەتتى قاپلاپ،
ئېدىرنىڭ باغرىدىكى چېدىرلارنى.

قاسىمجان باشچى بولۇپ ياشلار دۈيى،
بۇ يەردە بىنام ئاچقان ئىدى بۇ يىل.
كوپپۇشكەن قارا بۇغداي نېنى ئوخشاش،
تۇپراقنى كورگىنىڭدە سويۈنەر دىل.

ئاشخانا چېدىردىن تارالماقتا،
مەزىلىك تاماقلارنىڭ ھىدى خۇشبۇي.
ئالمىدەك رەنا قىزلار، شوخ يىگىتلەر،
تاماقنى يېيىشمەكتە شۇنچە خۇشخۇي.

باشلاندى ئەمدى كەچكى قايناق تۇرمۇش،
بەزىلەر ئېيتار ناخشا چېلىپ راۋاپ.
قاسىمنىڭ سويگەن يارى گوھەرنىسا،
ھارمايدۇ شوخ پەدىگە ئۇسسۇل ئويناپ.

بەزىلەر گېزىت كورەر، ئوقار رومان،
بەزىلەر رادىيوغا سالار قۇلاق.
قانچىسى نۇرەخمەتكە يىلىنىدۇ:
"چوچەكنىڭ داۋامىنى ئېيتساڭ قانداق".



مەمەتجان ئىللىق يەرگە يانپاشلىغان،
كەتتى بىر خىيالغا ئۇ قاراپ ئايغا.
يولدىكى ئىشلار چۆشۈپ بىر - بىر ئەسكە،
ئويلايدۇ: "يۈرەر ئۇ قىز قايسى جايدا؟

كەچكىچە بىرلا شۇنى ئويلايمەنغۇ،
مۇھەببەت دىگىنى يە مۇشۇمىكىن.
ئويلايمەن ئاخىرىغا يېتەلمەيمەن،
ئېيخ! ئۇ قىز ئويلىۋرۇمنى بىلمەس لېكىن".

كېلىشكەن بۇرۇتنى بۇراپ يىگىت،
چالدى - دە، خوش ئاھاڭلىق دۇتارىنى.
يېقىملىق لەرزان ناخشا كەتتى ياڭراپ،
تىترىتىپ يۈرەكلەرنىڭ زىل تارىنى:

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
چىرايلىقىم كوزى خۇمار.
ساڭا كوزۇم تەگمىسۇن،
بوينۇڭغا ئاسقىن كوز تومار.

ناخشىنىڭ سوزلىرىنى ئۇز ئىچىدە،
تەكرارلاپ يىگىت يەنە ئويغا چوكتى.
قەلبىدە بىر ئوتلۇق ھىس مەۋج ئۇرۇپ،
ئاخىرى بىر قارارنى دىلغا پۈكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

× × ×

زەپ گۈزەل تاغلىق يۇرتكەن «ئالتۇنبۇلاق»،
قاپلىغان ھەر تەرەپنى تۇرلۇك چېچەك.
كۆزلىگى ئۆتۈپ قالساڭ يىگىت - قىزى،
ئۈزۈۋتار ئالما، ئانار ئېتەك - ئېتەك.

كەلمەكتە مەمەت پالۋان بېرىپ سىگنال،
بۇ يۇرتنىڭ دەرەخزارلىق يولى بىلەن.
كابىنكا ئىچىدىكى گۈلدەستىنى،
ياسىغان ئىدى تاغنىڭ گۈلى بىلەن.

ئويلايدۇ "شۇ گۈللەرنى ئېلىپ ئۇ قىز،
قاپقارا چاچلىرىغا ئالسا قىسىپ.
قانچىلىك بەخت ئىدى ئاشۇ كۆزلەر،
بىر ئوتلۇق بېقىشنى ئەتسە نېسىپ".

ناخشىدىن جان كىرگۈزۈپ ۋادىلارغا،
ئىشلەيتتى بىر توپ قىزلار كىشۋەزلىكتە.
پۇتايتتى ھارام شاخنى، ياۋا چۆپنى،
ئۆز - ئارا بەسلەشكەندەك چىۋەرلىكتە.

ئېرىقتىن بىر ياش يىگىت ئۆتتى ئاتلاپ،
مەمەتجان تورمۇز قىلدى كۆرۈپ شۇ چاغ.
ئالدىراپ كەپىنكىدىن چۈشتى يەرگە،
يىگىتلەر بىر - بىرىگە ئاچتى قۇچاق.



"ئۇچاردى سېنى بۈگۈن قانداق شامال؟
قانداقمۇ تاپالىدىڭ بۇ يەرنى سەن"
سوئالغا سوئال بىلەن بەردى جاۋاپ:
"قەيەردىن تاپسام بولۇر شوپۇرنى مەن؟"

"ۋاھ! تېخى، يۇرتىمىزنىڭ قالغىچىنى،
ئاغىنە، يۇرمىگەنسەن ئەگىپ يانا.
ھە، بولدى قىزارمىغىن قىلدىم چاخچاق،
سوزۇمدە يوق مېنىڭكى باشقا مەنا.

ئىش بىلەن ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا،
ئالدىراپ يولغا چىقىپ كەتكەنتى ئۇ.
كەچ قايسەن دوستۇم ئۇنى كورۇشكە سەن،
بۇ چاققا داخىيەنگە يەتكەندۇ ئۇ".

"قالتىسقۇ، — دىدى يىگىت ھەۋەس بىلەن،
چاقىندى ھاياجاندا ئىككى كوزى. —
بىر قېتىم ماشىنامنى تۈزەپ بەرگەن،
چىۋەركەن يۇرتۇڭلارنىڭ شوپۇر قىزى".

شىر مەمەت چۈشەنمەدى ئۆز دوستىنىڭ،
بۇ يەرگە كېلىپ سوزسىز كەتكىنىگە.
نەگىدۇ ئالدىرىغاندەك تېزلىك بىلەن،
كابىنكا ئىشىگىنى ئەتكىنىگە.

# 4 - باپ. سەپ ئالدىدا!

زەپ گۈزەل كەلدى بۇ يىل قومباققا ياز،
دوستىخان يېيىپ نازۇ - نىمەتكە باي.
ئالمىلار، ئانالارمۇ تۈزمەكتە رەڭ،
كورسىتىپ شاخلار ئارا گۈزەل چىراي.

باراگدا چىكىلمەكتە كەنجى ئۈزۈم،
توغاچلار پىشتى تاتلىق يېرىپ تىلىنى.
ئۈياتچان قىز مەگزىدەك زەپ قىزارغان،
مۆلەر قىزارماقتا تارتىپ دىلىنى.

باراخسان باغلىق مەلە، دەل - دەرەخلەر،
چوككەندەك كورۈنىدۇ بۇغدايلىققا.
ئىغاڭلاپ دانغا تولغان ئالتۇن باشاق،
يۈرەكنى تولدۇرىدۇ خوشاللىققا.

قارىساڭ كورۈنمەيدۇ ئومچىلار،
ئۈلارنى چۈمكىۋاپتۇ بولۇق بۇغداي.
يېقىملىق لەرزان ئوما ناخشىسىغا،
سايرىشىپ ئۈن قاتىدۇ كاككۇك، تورغاي.

تىنمايدۇ بۇغداي ئايرىش ماشىنىسى،
تويماستىن يۈتۈپ تۈرار بولۇق باغنى.
باغ تاشلاپ كارنىيىغا تىنماس قىزلار،
گوھەردان ئەسلىتىدۇ زور بىر تاغنى.



دېڭىزدەك دولقۇنلىغان بۇغدايلىقنىڭ،
چېتىگە كوزۈڭ يەتمەس تۇرساڭ قاراپ.
شۇ ئالتۇن دېڭىزنىڭ ئوچقۇنىدا،
ئۈزىدۇ كومبايىنلار بولۇپ كاراپ.

ئورايدۇ بىرمۇنچىلا يەرنى يالماپ،
ئايرىيدۇ گوھەر داننى، قالار سامان.
كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرەر ماشىنىلار،
كوزۈپقا بىردەمدىلا تولماقتا دان.

مەمەتجان ھەيدىمەكتە ماشىنىنى،
كومبايىن ئارقىسىدىن قالماي يانداپ.
مىس رەڭدە پارقىرايدۇ بىلەكلىرى،
كويدۈرگەچ قۇياش نۇرى راسا تاۋلاپ.

تومۇزنىڭ ئاپتىۋىدا، ئىسسىق كۈندە،
ھەم ئايدىڭ كېچىلەردە قاتىنايدۇ ئۇ.
ھەر كۈنلۈك بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى،
نەچچە رەت قاتلىماستىن تىنمايدۇ ئۇ.

ئېخ ياشلىق، گۈزەلسەن ھەم جۇشقۇنسەنكى،
ئۈندەيسەن شىجائەتكە ئىنسانىنى سەن.
يۈرەككە بېغىشلايسەن كۈچ ۋە قۇدرەت،
بېرىسەن ھەر زور ئىشقا ئىمكانىنى سەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

هەر كورسەم ئەشۇ جۇشقۇن ياشلارنى مەن،
سويۇنۇپ چىن دىلىمدىن زوقۇم كېلۇر.
قايتىدىن بىر تۇغۇلۇپ، ئۇسۇپ يەنە،
شۇ جەسۇر ياشلار كەبى بولغۇم كېلۇر.

× ×

گۇزەلنىڭ چاچلىرىدەك قاراڭغۇ تۇن،
خامانغا نۇر ياغدۇرۇپ ياندى چىراق.
قاپقارا پەردىسىنى يىغىپ شۇ ئان،
بۇ يەردىن تۇن پەرىسى قاچتى يىراق.

ياندۇرۇپ تۇندە نۇرلۇق چىرىغىنى،
مەمەتجان ماشىنىنى كەلدى ھەيدەپ،
بىرسىنى ئىزلىگەندەك باقتى ھەر يان.
"ئابلىكىم قەيەردە سەن" — دىدى توۋلاپ.

"بۇ يەردە" — دىدى ئاگا جاۋاپ بېرىپ،
سېرىلىپ چەش ئۇستىدىن چۈشتى يەرگە.
"ئاغىنە، — دىدى مەمەت، — بىر ئىشىم بارە
ئۇنىڭغا بۇگۇن دەررۇ ياردەم بەر — دە."

"يۇرت كېزىپ بارامدىمەن شاپۇر ① كەبى
بىرلىكتە تاپماق ئۇچۇن مەشۇغىڭنى."
"بەرگىنە بىكار ياتقان كوزۇپنى سەن،
بۇگۇنچە قويۇپ تۇرۇپ چاقچىقىڭنى."

① رىۋايەتلەردىكى پەرھاتنىڭ دوستى،



"يوتىكەمتىڭ بۇگۇن ئاخشام تويۇڭنى يە،
ماشىنىڭ قاپتۇ ئەجەپ ئازلىق قىلىپ."
(ئاڭلىماي قالدىم مەنمۇ) ئېيتتى بىر سوز،
مەمەتجان ئابلىكىمغا سىرلىق قىلىپ.

مەمەتنىڭ يەلكىسىگە ئۇردى بىرنى،
شۇ دەمدە كەتتى ئۇنىڭ كوزى چاقناپ.
"جۇر" — دىدى ئالدىراتتى دوستىنى ھەم،
كابىنكا ئىچىگىمۇ كىردى تاقلاپ.

× ×

تاش يولغا ئاق تېرەكلەر سالار سايە،
ياپراقلار ئارىسىدا ئوينار شامال.
شۇ يولدا كېلەر ئەنە پولات تۇلپار،
پات - پاتلا شوخلۇق بىلەن بېرىپ سىگنال.

ھاياتلىق ئۇزۇغىنى، گوھەر داننى،
ماشىنا كوزۇپىغا پەۋەس باسقان.
توت توننا يۇك ئاگا ئازلىق قىلىپ،
كەينىگە ئۇچ تونىلىق ۋاگون چاتقان.

قۇياشلىق كۇندە ياكى سالقىن تۇندە،
خاماندىن تېنىم تاپماي ساڭغا قاتناپ.
ئاشۇرغان بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى،
كىمكىنە ھەر كۇنلىگى نەچچە قاتلاپ؟

كىم بولسۇن، يۈرىگىدە يېنىپ تۇرغان،
چوغى بار بىزنىڭ دۈيلۈك چاقچان يىگىت.
شوھرىتى ئەل ئىچىدە داستان بولۇپ،
قىزلارنىڭ قەلبىگە ئوت ياققان يىگىت.

## 5 - باپ. يۇرت مۇھەببىتى

ئۇزۇن يول خۇددى گۈزەل ئىپەك لېنتا
ۋە ياكى كۈمۈچ سۇلۇق گۈزەل دەريا.
ئوركەشتەك داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ،
ماشىنا كېلەر يەلكەن بولۇپ گويا.

كەلمەكتە تاغ ئارىسى داۋانلاردىن،
ھالقىپ ئۇ خەتەرسىز ۋە شۇنچىلىك تېز.
كىم ئىكەن دىسەم كوكلەم مەزگىلىدە،
مەمەتنى كويدۇرگەن دىلرابا قىز.

جۇپ شەھلا كوزلىرىدە ئەكس ئېتەر،
بۇ قىزنىڭ قەلبىدىكى ھارارىتى.
ھەر كورسەم زوق ئىلھامغا ئوندەر مېنى،
شۇ قىزنىڭ جىسمىدىكى جاسارىتى.

شوپۇرلۇق مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ ئۇ،
ھايدىدى شيەنۋېيخۇي① پىكاۋىنى.
بىر كۈنى شيەنۋېي شۇجى تولدى زوققا،
شۇ قىزنىڭ ئاگلىغاندا خىتاۋىنى.

---

① شيەنۋېيخۇي — ناھىيىلىك پارتكوم.



دېدى قىز: «ئالتۇنبۇلاق» باتۇرلىرى،
پارتىلىتىپ تاغۇ - تاشنى ياساپتۇ يول.
تىراكتور، ماشىنىلار ئاپتۇ سېتىپ،
نەچچە يىل ئۇدا ئېلىپ ھوسۇلنى مول.

گوياكى شامال قانات دۇلدۇل بولۇپ،
شۇ سەپكە ئۇزەمنى تېز ئاتقۇم كېلۇر.
يۇرتۇمنى گۈللەش ئۇچۇن چېلىشلاردا،
مېنىڭمۇ ئوز ھەسسەمنى قاتقۇم كېلۇر."

ۋۇجۇدى ھاياجانغا تولۇپ شۇجى،
دېدى ئۇ: "رازى بولدۇم قىزىم سىزدىن.
ئەشۇ سەپ مۇھتاج سىزدەك جەسۇر قىزغا،
ئاتلىنىڭ شۇ جۇشقۇنلۇق سەپكە تېزدىن"

ھايداپ قىز يېڭى «جېيفاڭ» ماشىنىنى
«ئالتۇنبۇلاق» دادۇيىگە قىلدى سەپەر.
لىق تولۇپ قەلبى ئۇنىڭ خوشاللىققا،
يۇرەتتى ئۇزۇن يولدا ئۇ بىخەتەر.

بۇگۈنى «ئالتۇنبۇلاق» — ئەتە شەھەر...
داخىيەن يوللىرىنى ئوبدان بىلەر.
پويىزدىن ھەر خىل زاپچاس سايمانلارنى،
«ئالتۇن بۇلاق» دادۇيىگە توشۇپ كېلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىنتىلگەن پەرھادىغا شىرىن كەبى،
بۈگۈنمۇ دادۇيگە ئالدىراپ ئۇ.
كوزۇپقا بېسىپ يېڭى سايمانلارنى،
يوللارنى ئارقىسىدا قالدۇرار ئۇ.

ئۇلۇغۋار سوتسىيالىزىم ئىشلىرىغا،
چىن دىلدىن شىرىن كەبى كويىگەن قىز ئۇ.
يۈز شىرىن ئىشقى باردۇر ۋۇجۇدىدا،
جاپانى راھەت بىلىپ سويگەن قىز ئۇ.

ئورگەلسۇن قەلەم مۇنداق چىۋەر قىزدىن،
كويلەرمەن ئىشقىم بىلەن ئومۇرۋايەت.
كورگەندە ھەر بىر قېتىم ئاشۇ قىزنى
تولۇدۇ ھۇجۇدۇمغا كۈچ ـ جاسارەت.

## 6 ـ باپ. ۋىسال ئۈمىدى

پۈركۈنۈپ تولۇنئاينىڭ نۇرلىرىغا،
تاش يولدا ئوقتەك ئۇچۇپ «جىپىفاك» كېلەر.
تەبىئەت ئۇخلار تاتلىق ئۇيقۇسىدا،
يىگىتنىڭ قەلبىدە زەپ ئويلار كېزەر:

"ئېخ يوللار، ئۇزۇن يوللار سويۇملىك سەن،
ئېيتقىنا، قەيەردىدۇ چېكىڭ سېنىڭ؟
شاتلىقىم بولار ساڭا ئاتلانغىنىم،
زوق بىلەن تولار دائىم قەلبىم مېنىڭ.



گاھىدا ئۇپۇق بىلەن قۇچاقلىشىپ
ياتىدۇ پايانى يوق كەڭرى چوللەر.
گاھى تاغ ئارىلىرى سىرلىق ئەجەپ،
گاھىدا قۇچاق ئاچار كۆمۈچ كوللەر.

گاھىدا ئوركەش ـ ئوركەش تىك داۋانلار،
ئورلەيسەن يۇقۇرىغا لەرزان، ئاستا.
توۋەندە كورۇنىدۇ گۈلشەن ۋادا،
پەم بىلەن قويسەن گاھ خالاستويغا①.

ئاق كېچە، گۈزەل تاغلار، يوللار گۈزەل،
ئاتلانساڭ زوقۇڭ بىلەن قىلىپ زىۋنەت.
بالۇنىڭ چېكى تېخى بېسىقماستىن،
ئالدىڭدا كۆلۈپ تۇرار باشقا بىر يۇرت."

مەمەتجان ئىكەن يولدا كېلىۋاتقان،
ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ كېچىلەردە.
چارچىغان تەنگە ئارام بەرمەك بولۇپ،
ياتتى ئولتارغۇچىنى تاشلاپ يەرگە.

تۇختاڭلار، ئەي بۇلبۇللار كۈيدىن بىر پەس،
قوزغاتماي يۈرەكلەرنىڭ تۇيغۇسىنى.
مەيلى ئۇمۇ بىردەم ئارام ئالسۇن،
بۇزماڭلار مەرت يىگىتنىڭ ئۇيقۇسىنى.

① خالاستوي — ماي ئىقتىسات قىلىش ئۈچۈن ئوتنى ئوچۇرۇۋېتىپ بوش خوتتا مېڭىش.

سەھەردىن ئاخشامغىچە يۈردى يولدا،
بىر نەپەس ئارام ئېلىپ ياتقىنى يوق.
تۈنەپ ئۇ خامانلاردا، ئايدالادا.
باھاردىن بېرى ئۆيگە قايتقىنى يوق.

ئويغاندى يىگىت چۆچۈپ ئۇيقۇسىدىن،
تاڭدىكى كاككۇك، تورغاي ناۋاسىدىن.
كېرىلدى ھەممە تويۇپ ئالدى نەپەس،
خۇشپۇراق گۈلىستانىنىڭ ھاۋاسىدىن.

ئويغاندى ئۇيقۇسىدىن تەبەسسۇم،
ئورمانزار قۇش كۈيىگە تولدى پۈتۈن.
يىراقتا تۇرغان ئۆيلەر تۇرخۇنىدىن،
تولغۇنۇپ كۆك ئاسمانغا ئۆرلەر تۈتۈن.

جۈر كېلەر بۇلبۇللارنىڭ كۈيلىرىگە،
پەستىكى ساي سۈيىنىڭ شاقىرىشى.
شوخ شامال بىلەن بىللە كەلدى ئۇچۇپ،
ماشىنا موتورىنىڭ غاقىرىشى.

ھەممىنىڭ بىر شوخلۇقى كەتتى تۇتۇپ،
چۆمۈلۈش ئۈچۈن سايغا كەتتى چۈشۈپ.
ساي سۈيى ئاخشامقىدىن ئۇلغايغانتى،
كۆۋەجەپ ئاقار ئىدى دولقۇنلىنىپ.



قىرغاقتىن غولاچ يېيىپ چۈشتى سۇغا،
بۇژغۇنلار بىلەن بىردەم ئېلىشتى ئۇ.
دەريانىڭ ئېقىمىغا ئۈزدى قارشى،
شىددەتلىك دولقۇن بىلەن چېلىشتى ئۇ.

كۈچ - قۇۋۋەت تولدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا،
سوغ سۇدىن پۈتۈن تېنى تاپتى ئارام.
ئۈپۈقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش تۆكتى،
نۇرىنى ۋادىلارغا تارام - تارام.

كۈمۈشتەك چاڭ قالدۇرۇپ ئارقىسىدا،
بىر «جىپاڭ» يېتىپ كەلدى ساي بويىغا.
توختىدى ساي بويىدا، تۇردى بىر پەس،
سالغاندەك نەزەر سۇنىڭ دولقۇنىغا.

ۋە بەلكىم سايىنىڭ بىۋاش دولقۇنىغا،
جىددىيلىك ئىلكىدە جىم باققاندۇ ئۇ.
بىر نەپەس ئېلىشماقنى كۆزلەپ بۇ دەم،
شىجائەت دەرياسىدا ئاققاندۇ ئۇ.

گۈر قىلىپ ماشىنىمۇ كىردى سۇغا،
ساي سۈيى دولقۇنلۇنۇپ ئاقار ئىدى.
قىرغاقتا تۇرۇپ يىگىت ئاشۇ ياققا،
ئەندىشە بىلەن ھامان باقار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇلۇپ كەلگەن غايەت زور بىر دولقۇن،
ماشىنا موتۇرىدىن كەتتى ئېشىپ.
توختىدى ماشىنىنىڭ گۈكۈرىشى،
ۋە دەريا ئىچىدە ئۇ قالدى پېتىپ.

قىرغاقتا تۇرالمىدى مەمەتمۇ جىم
ۋە ئوقتەك كېلىپ ئوزىنى ئاتتى سۇغا.
شىددەتلىك دولقۇنلاردىن ئېشىپ ئوتۇپ،
باردى تېز ئېقىننىڭ ئۇ ئوتتۇرىسىغا.

ماشىنا باسقۇچىغا چىقتى يىگىت،
كابىنكا ئىشىكىنى ئاچتى تولغاپ.
تىلىگە سوزمۇ كەلمەي تۇرۇپ قالدى،
ھەيرانلىق ھەم ھاياجان ئوتى چۇلغاپ.

تۇراتتى ماشىنىدا چېچەك پەسلى،
يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياققان قىز.
بىردەمدە ماشىنىغا بېغىشلاپ جان،
ماگدۇرغان قوللىرى گۈل شۇ چاققان قىز.

"سىز مۇ بۇ؟ نىمە بولدى؟" — دىدى يىگىت،
قىز دىدى: "ماشىنىنىڭ ئوتى ئوچكەن."
ھول ئىدى ئۈنىڭ بارچە ئۈستى بېشى،
ئەندىشە بىلەن خېلى ئوڭى ئوچكەن.



ئەكەلدى يىگىت پولات ئاغامچىنى،
تېزلىكتە بېرىپ نېرى قىرغاق تامان.
دىللارنى باغلىغاندەك رىشتە بىلەن،
بۇ ئىككى ماشىنىنى چاتتى شۇ ئان.

چىقتى ئۇ قىرغاقتىكى ماشىنىغا
ھەم دەرھال زىۋۇت قىلىپ گازنى باستى.
سۈدىكى ماشىنا ھىچ قوزغالمايتتى،
گوياكى مىخلانغاندەك يەرگە ئاستى.

گاگۇرغا ئېلىنغان بۇ پولات ئارقان،
تارتىلغان ئىدى مەھكەم پولات تاردەك.
شۇندىمۇ تۇرار ئىدى قىمىر قىلماي،
كوزۋۇپتا ئەللىك تونىنا يۈكى باردەك.

يىگىتمۇ كۈچەپ يەنە باستى گازنى،
گۈر قىلىپ ماگدى مەدەت بېرىپ قىزغا.
مەمەتجان ئاشقىنىدا ئەمدى دوگدىن،
سۈدىكى ماشىنىمۇ چىقتى قىرغا.

توختاتتى ماشىنىنى يىگىت شۇ دەم،
خوشاللىق - ھاياجاندا كەلدى يۈگرەپ.
ياپ - يېشىل دۇخاۋىدەك قىرغاقتا قىز،
يېنىكلا كابىنكىدىن چۈشتى سەكرەپ.

يېپىشقان ئىدى كىيىم - كېچەكلىرى،
كېلىشكەن غۇنچە بويلۇق گەۋدىسىگە.
ئوخشاپتۇ سەيلى ئۈچۈن سۈدىن چىققان،
ئاجايىپ گۈزەل بىر سۇ پەرىسىگە.

يىگىتنىڭ ياش يۈرىكى تەپمەمدۇ شات
باققاندا ئىشق تولغان خۇمار كوزلەر.
دىلدىكى ئوتلۇق ئارزۇ - تىلەكلەرنى
ئەينەكتەك ئەكس ئېتىپ تۇرسا يۈزلەر.

گۈلزاردا بىر جۈپ غۇنچە پورەك ئاتتى،
سايرىدى بىر جۈپ كاككۇك قونۇپ شاخقا.
بۇلبۇللار مەزمۇن قاتتى كۈيلىرىگە،
شوخ كۈلكە ياڭرىغاندا ئاشۇ ياقتا.

× ×

ھۈككىدە دەرەخزارلىق يولنىڭ چېتى،
يېقىنلاپ ماشىنىغا ئاچار قۇچاق.
يوقاتماي ماشىنىنىڭ قارىسىنى،
ئىز بېسىپ چاق كەينىدىن قوغلايدۇ چاق.

شوخ سىگنال بېرەر پات - پات ئالدىنقىسى،
ياندىكى ئەينىكىگە پات - پات قاراپ.
كەينىدىن قوغلاپ بارار ئىككىنچىسى،
ھەممە شوخ سىگنال بىلەن بىرەر جاۋاپ.



ئۈمىت ۋە ئارزۇسىنى يۈكلەپ ئېلىنىڭ،
بارماقتا ئۇلار گۈزەل كەلگۈسىگە.
شۇ ياشلار كاپالەتتۇر ئېلىمىزنىڭ
بۈگۈنى ھەممە پارلاق ئەتىسىگە.

بىخ سۈرۈپ گويا كوكلەم نوتىسىدەك،
ئىلمىدە يېتىلمەكتە يېڭى ئەۋلات.
ئۇلارغا يول بېرىدۇ سەييارىلەر،
ئۇلارنى قۇتلار ئاخىر كەڭ كائىنات.

## خاتىمە

چىرايلىق كۆز كېلىپتۇ يۇرتىمىزغا،
سېخى ھەم نىمەتكە باي داستىخىنى.
ئۈزۈمزار تولۇپ شېرىن مۇسەللەسكە،
مەرۋايىت قەدەھلەرگە چىللار سېنى.

تولۇپتۇ ئالتۇن دانغا، دۇردانىغا،
ئېخ! ئەنە پەۋەس بولۇپ دۇينىڭ سېگى.
ھەرمەلە، ھويلىلاردا قاينار ھايات،
ئۆيلەردە قىزىيدۇ توي يېڭى - يېڭى.

چومۇلۇپ كېلەر ئىدىم شېرىن ئويغا،
يۇرتۇمنىڭ باغلىق گۈزەل يولى بىلەن.
كېلەتتى بىر ماشىنا، كابىنكىسى
بېزىلىپ توينىڭ قىزىل گۈلى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياڭرايتتى قىقاس - چۇقان، شوخ كۈلكىلەر،
يىگىتلەر چالار راۋاپ، چەكمەكتە داپ.
ياسانغان ئۇندى قىزلار گۈلدەستىدەك،
تىنمايدۇ ئۇلار خوشال ناخشا توۋلاپ.

چاقىردى بىرسى مېنى "تويغا جۈر" — دەپ،
قارىسام ئابلىكىمجان تۇرار رولدا.
مەمەت ۋە رەنا — ئىككى قەھرىمانىم،
يانمۇ - يان ئولتۇرۇشقان ئىكەن ئۇندا.

كەلدىم - دە، تەبرىگىمنى قىلدىم ئىزھار،
كۈلەتتى پالۋان يىگىت شۇنچە خوشال.
قىزىرىپ تاغنىڭ قىزىل لالىسىدەك،
خىجىل بوپ باقتى يەرگە ساھىبجامال.

كۆزۈپتىن قول ئۈزۈتۈپ يىگىت - قىزلار،
شۇ ئاندا ئارىسىغا ئالدى مېنى.
"گۈر" قىلىپ ماڭدى «جىپفاڭ» - كەتتى خۇشچاق،
كۈلكە ۋە چۇقان بىلەن توي كارۋىنى.

يوپ - يورۇق تال باراڭلىق ھويلىلاردا،
قىزىدى توي مەشرىپى ئاشۇ ئاخشام.
ناخشىلار تۈگىمەدى لېكىن دوستلار،
شۇ يەردە ئاياقلاشتى مۇشۇ ناخشام.

1979 - يىل، ئۈرۈمچى.



## ئارخىتېكتور

ئارخىتېكتور تاكى تۈنگىچە
بىر پىلاننى سىزار بېرىلىپ.
"بىردەم ئارام ئالساقچۇ دادا"
دېدى ئوغلى ئاڭا يېپىلىنىپ.

كوز ئەينەكنى ئالدى - دە، ئاتا،
جىمجىت قالدى بېشىنى چايقاپ.
ئويلانغانچە قارىدى ئاڭا،
ئەندىكىنە قالغاندەك بايقاپ.

دېدى: "بۇ ئىش بولسىمۇ گەرچە،
يىگىنە بىلەن قازغاندەك قۇدۇق.
ئويلىسام ئەل ئېھتىياجىنى،
بولىمەن زەپ چىققاندەك ھاردۇق.

پۈتەر بىنا ئۈندا ئادەملەر،
تۇغۇلىدۇ، ياشايدۇ ھەر ۋاق.
بىر چاغلار بىز ئالەمدىن ئۆتسەك،
ئۇ قالىدۇ ئۆمرۈگىدىن ئۇزاق.

بىز جاپاكەش ئادەممىز ئوغلۇم،
راھەت ئازراق بولىدۇ نېسىپ.
شاتلىنىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن،
كەلگەن ئوغلۇم ئىشلەيلى بېسىپ."

دەرىزىدىن كىردى تاڭ نۇرى،
خىرەلەشتى ئۇستەل چىرىغى.
ئۇگۇشلۇق بوپ پۈتتى - دە، چىرتىۋژ،
چىقىپ كەتتى ئۇن ھارغىنلىقى.

1980 - يىل.

## بىر قىزغا

ئەي ياش قىزچاق ئۆزەڭ چىرايلىق،
كورۇنۇسەن بىر تال غۇنچىدەك.
بىر تۇتامدۇر ئەۋرىشىم بىلىڭ،
ياسىنىپسەن ھېيت كۈنىدىكىدەك.

خۇش كورەتتىم گۈزەللىكىڭنى،
خۇش كورمەدىم خۇلقۇڭنى بىراق.
بايقىدىڭمۇ يېقىندىن بېرى،
ئەللەر سەندىن قاچماقتا يىراق.

گاھى سېنى كورۇمەن قىزچاق،
بەك كەچلەردە يالغۇز ۋە خالى.
كىيىۋاپسەن كانايدەك شىمنى،
بولۇۋاپسەن تايغان مىسالى.



ياچىۋەگىدەك ئورۇق، پاخما باش،
بىرى شۇ دەم بولدى پەيدا.
ئۇن كېچىدە بولۇسەن غايىپ،
ئەل نە كويدا، سەن نىمە كويدا.

گاھى سېنى كورۇمەن شۇنداق،
كوچىلاردا شوخ ۋە شىر كەيىپ.
شوخلىقىڭنى كەچۈردۈك دەيلى،
ئىچسەڭ ئەللەر قىلماسمۇ ئەيىپ.

كوچىدا سوز كوپىيىپ قاپتۇ،
ئاڭلىغاندا بېشىڭ قاتقىدەك.
يىگىتلەكلەر بىلەن ئوينۇشۇپ،
قانچە - قانچە تاڭلار ئاتقىدەك.

ئاتا - ئاناڭ يوقمىدۇ سىڭلىم،
بىلمەمدىكىن بەك شاشلىقىڭنى.
بىلسەم ئىدىم نامۇ - ئەمالىڭ،
توسار ئىدىم بەگۋاشلىقىڭنى.

نادانلىقىڭ ئېشىپتۇ چەكتىن،
قالما سەنمۇ ئاخىر ئەلەمدە.
يۈزلىرىڭدىن كېتىپ قالار نۇر،
يۈرمە سەنمۇ ھەسرەتتە - غەمدە.

بولالارمۇ ياشلىقىڭ سېنىڭ،
بۇ ئومرۇڭنىڭ دائىم ھەمراسى.
ئوتۇپ كەتسە ئەۋرىشىم چېغىڭ،
تېپىلارمۇ ئۇنىڭ داۋاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يول يۇر دەيدۇ كوزنىڭ بارىدا،
ئۇقى، ئىشلە ئەقلىڭ ساز چاغدا.
ئوتۇپ كەتسە كوكلەم باھارىڭ،
كۆز كەلگەندە قالۇرسەن داغدا.

1980 - يىل.

## يولدا

ياندىكى ئىككى ئىشىك ئېچىلدى - دە،
ئىككى تورە بىر پىكاپتىن چۈشتى شۇ تاپ.
بىرسىنى يولىپ ماڭدى ئۇزۇن ھاسا،
تەمتىلەپ ماڭار بىرسى يەرنى ئاياپ.

ئىنجقلاپ كىرىپ يىغىن مەيدانىغا،
ساپادا ئۇلار ھەمرا بولۇپ قالدى.
سىنجىلاپ بىر - بىرسىگە قاراشتى - دە،
شۇندىلا بىر - بىرىنى تونۇپ قالدى.

سورىدى ھەمرايىدىن بىرىنچىسى:
"بۇرادەر قانداق كەلدىڭ ھەمدە قاچان؟"
ھەمراسى جاۋاپ بەردى: "ئىدارىنىڭ
ئاشۇ كوك پىكاۋىدا تىنجۇ - ئامان"



— "مەنمۇ شۇ ماشىنىدا ئىدىم ئەجەپ،
تونۇماي قاپتۇقمۇ بىر - بىرىمىزنى.
— "مېنىڭمۇ قېرىلىقتىن كوزۇم ناچار،
سىز مەندىن بىر ياش كىچىك قاراڭ سىزنى."

— "قېرىدىم لېكىن تېخى پېنسىيىگە —
چىقمىدىم، كوپ ئىش بولغاچ ئىلكىمىزدە.
گەم يۇدۇپ ماڭالايدۇ بىز بولمىساق،
كەلگۈسى ئۇلۇق ئىشنى يەلكىسىدە."

1980 - يىل.

## شېئىر يازسام....

ئويلىدىم شېئىر ئۇچۇن يېڭى پىكىر،
بولدۇم ھېچ ئېچىلمىغان بوزنى ئاچماق.
شۇ بوزغا تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرىدىن،
ئاجايىپ دۇردانىلەر بولدۇم چاچماق.

ئوتكۈزدۇم تالاي - تالاي كېچىلەرنى،
خىياللار ئوكيانىدا ھەيدەپ قېيىق.
ئاختۇردۇم تالاي - تالاي كىتاپلارنى،
ئوكياندىن تۇتماق بولدۇم ئالتۇن بېلىق.

كوردۇم ئىنسانىيەت ئەقلى بىلەن،
قالماپتۇ ھېچقانداق بوز ئېچىلمىغان.
ئۇلۇق ۋە زېھنى ئوتكۈر سەنئەتكارنىڭ،
قەلىمى بىلەن كويگە قېتىلمىغان.

شېىرلارنى يازغىنىڭ تەكرارى كەن،
بىلدىمكى، يېڭىلىق دەپ يازغانلىرىم.
باشقىلار قازغان قېدىم كانلار ئىكەن،
شۇنچە كوپ ئەجىر قىلىپ قازغانلىرىم.

ئويلىدىم نىمە ئۈچۈن شۇنداق ئىكەن.
نىمە ئۈچۈن يېڭى بىر يول تاپالمىدىم.
نىمە ئۈچۈن ھېچ بىر كىشى كۈيلىمىگەن،
ئاجايىپ گۈزەل كۈينى قاتالمىدىم.

ئوقۇيمەن ھەر كۈنى تالاي شېىر،
بولمايدۇ بىر - بىرىدىن قىلغىلى بەرق.
نىمىشكە ھەر بىرىسدە ھاياتى كۈچ،
دەريانىڭ ئۇركىشىدەك ئۇرمايدۇ پەرق.

ئويلىدىم نىمە ئۈچۈن شېىر شۇنداق،
چىقىدۇ بىر قېلىپتا قۇيغان خىشتەك.
نىمە ئۈچۈن بۈگۈنكىنى كۈيلىگىنىڭ،
بىلىنەر خۇددى بالدۇر بولغان ئىشتەك.

ئويلىدىم: خەلقىم بىلەن بولماي قەلبداش،
ئازاپلاپ ۋىجدانىمنى تۇتتۇم قەلەم.
كورگىنىم، پۇرىغىنىم بىر خىللا گۈل،
ئەمەستۇر نە خوشاللىق، نە بىر ئەلەم.



ئويلايمەن: ھايات چوڭقۇر، چەكسىز دېڭىز،
قىيىندۇر ئۇپۇقىغا ئۇنىڭ يەتمەك.
گاھ شاتلىق، گاھ كوز يېشى باردۇر ئۇندا،
ئەمەستۇر ئۇنچە ئاسان تەسۋىر ئەتمەك.

ھاياتنى بويىماقلىق نىمە ھاجەت،
قارىغىن رىياللىقنىڭ كوزىدە دەل.
مەيلى ئاق، مەيلى چىققىن قىرغاققا سەن.
باغلىغىن جاراھەتنى ئېچىشقا بەل.

شۇندىلا يازغانلىرىڭ كىتاپخانغا،
يېڭىلىق تۇيۇلىدۇ ئۇزەڭگە ھەم.
شۇندىلا يېتىشتۇرگەن شۇ مېۋەڭدە،
يېڭىچە پۇراق بولار يېڭىچە تەم.

1980 - يىل.

## يۇرتۇم

چىرايلىق، كوجۇم ئىدى مېنىڭ يۇرتۇم،
يوللىرى سۇۋادانلىق بۇك - باراقسان.
بۇ يەردە شوخ ئويناقى ئېقىن سۇلار،
بۇ يەردە ئارامبەخش كوپ - كوك ئاسمان.

بۇ يەردە يازۇ - قىش كوپتۇر قۇشلار،
چۇرۇقلار ئاختامدىن ئۇچقان تورغاي.
دەرەخزار ئارىسىدا سايراركاككۇك،
غورالداي ئۇن قاتىدۇ ئاڭا تىنماي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قالىغاچ ماكانىدۇر ئېگىز يارلار،
قارغۇجا چاڭگا سالار سۇۋادانىغا.
چۈشىدۇ قىزىل قانات تومۇچۇقلار،
بالىلار باسماق قويۇپ قويغان دانىغا.

چىرىڭلاپ ئاق قۇشقاچلار چالار نەغمە،
توپلىشىپ قونۇشۇپ چوكانتالىغا.
ئەنسىز ۋە ئالا - بۇلا كەلگەن سىزگۈچ،
لىكىلداپ سالام بېرەر ئىككى يانغا.

ۋىدنۇۋلاق، بودۇنىلەر كوپىيىدۇ،
بۇغدايلىق ئارىسىغا ياساپ ئۇگا.
ئوت - چۆپلۈك، بىدىلىكتە قىزىيىدۇ ئىش،
ئۆرۈلۈپ يىغىلىدۇ دۆگا - دۆگا.

بۇغدىيى ئۆرۈلگەن كەڭ ئېتىزلىقتا،
ئوتلايدۇ قوي - قوزىلار، سەكرەپ ئوشكە.
كەچلىرى راھەت ئىدى خامان باقماق،
بەلگىچە كىرىشىپ ئالتۇن چەشكە.

ھەر خامان توقلۇق، شاتلىق بولغىدۇر،
كۈلكىلەر، شات ناخشىلار ياڭرار لاي - لاي.
تەۋەگلەپ گوشگىردىنى، شىرمان ناننى،
خامانغا ئېپكېلىدۇ كەچتە ناۋاي.



كومىلاچ تام، ئەنجانناملىق ئۈگزىلەرنىڭ،
كىشىنى ھەيران قىلار پۇختىلىغى.
كۆزلىگى يېپىلىدۇ كېۋەز، قوناق،
ئارقىدىن بېسىلىدۇ قوناق شېخى.

قۇرۇتۇش، يېيىشتىن ھېچ بولماس بىكار،
ياز بويى ئۈگزىلەرنىڭ ھېچ بىر يېقى.
كاتلارغا قاچىلانسا ئالتۇن دانلار،
قۇرۇيدۇ ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل قېقى.

ئۈز، لىۋەن، توغاچ يۈزلۈك قىزلىرىنىڭ،
ياراشقان كوكولىرى، ماڭلاي چېچى.
قاپقارا بۇرۇتلۇق ياش يىگىتلىرى،
چاندۇرماس ئاڭا قانچە كويسۇن ئىچى.

دەريامۇ ئۇلغىيىدۇ شاتلىغىدىن،
خوشاللىق كەلگۈن بولار ئىككى قاتتا.
بەزىلەر ئوغۇل ئۆيلەر، ئۈزىتار قىز،
توي - توكۈن قايىنار ھەركۈن كاتتا - كاتتا.

يۈز ياشار قېرىلار كوپ بىزنىڭ يۇرتتا،
چىرايلىق قېرىيىدۇ زەپ پەرىشتىدەك.
ھەممىنىڭ كېلەر ئۇزاق ياشىغىسى،
يۇرت مېھرى باغلاپ تۇرار چىڭ رىشتىدەك.

ياشلىقنىڭ ئەسكە چۈشەر ياشانغاندا،
قاپساقمۇ شانۇ - شوھرەت، ئابروي - ئاتاق.
توغۇلغان ئاددى كەپەڭ چىقماس ئەستىن،
يۇرتۇڭدىن كەتكەنسىرى قانچە يىراق.

ئايرىلىپ ياقا يۇرتتا يۇردۇم كوپ يىل،
ئۇز يۇرتۇم كوز ئالدىمدىن كەتمەي نىرى.
ھەممىدىن سويۇملۇك ۋە ئېزىز ئىكەن،
يۇرتۇڭنىڭ ئاسايىشلىق ئېتىز - قىرى.

توغۇلغان يۇرتقا يەنە قايتىپ كەلدىم،
گوياكى بالىلىقىم كەلدى يېنىپ.
شاخلاردا شاپتۇل، توغاچ ئاسماق - ئاسماق،
نەچچىنى پۇتتۇۋالدىم شاخنى ئىگىپ.

بىر ئىشلار ئەسكە چۈشۈپ كولۇپ كەتتىم،
شۇ يەردە شاپتۇلنى سويۇپ يىدىم.
ئۇنىڭكى لەززىتىدىن ئالدى ھوزۇر،
شەرۋەتنى قېنىپ ئىچكەن كەبى تېنىم.

بىر بوۋاي چۈشتى باغنىڭ شورىسىدىن،
قاراپلا كەتتى ئۇنى كۇلكە قىستاپ:
"ھەي بالام، توك شاپتۇلنى ئاپسەن پۇتاپ،
باققا كىر، پىشقانلىرى ئۇندا ئىسراپ"



شۇ چاغدا تونۇپ قالدىم بوۋاينى مەن،
ئۇمۇ ھەم مېنى تونۇپ ئاچتى قۇچاق.
"تېخىچە بالىلىقىڭ قالماپتۇ - دە"
دېدى ئۇ، ھەر ئىككىلەن كۇلدۇق خۇشچاق.

باغدىن ۋە ئېتىزلاردىن تۇققانلىرىم،
كېلىشتى مېنىڭ بىلەن كورۇشكىلى.
كىچىكلەر چوڭ بولۇپتۇ، بىر مۇنچىلەر،
تۇغۇلۇپ قېتىلىپتۇ سەپكە يېڭى.

"ئوھ" دېدىم قاندى شۇ دەم تەشنالىقىم،
بىر دەمدە چىقتى يولنىڭ ھارغىنلىقى،
قەلبىمنى رىشتىسىدە چىگدى مەھكەم،
يۇرتۇمنىڭ چېھرىسىنىڭ يارقىنلىقى.

يۇرتۇمنىڭ سېخى، مۇنبەت تۇپراقلىرى،
كوكلىتەر تىكىپ قويساڭ تاياقنى گەر.
دەرەخسىز قاقراقلىقلار باغ بولۇپتۇ،
يەنىلا خامانلارغا تولۇپتۇ زەر.

يۇرتۇمنىڭ يېرى بەرىكەت، مۇنبەت، سېخى،
تۇگۇمەس خەزىنە ئۇ ئالتۇن قوزۇق.
قانچىلاپ جۇت - دوقاللار كەزسۇن ئۇنى،
يەنىلا ئىنسانلارغا بىرەر ئوزۇق.

1980 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئانا

گۈللۈگسەن، خىسلەتلەرگە بايسەن ئانا،
ئىنسانلار ئالەمىدە ئايسەن ئانا.
نى ئۇلۇق سەركەردىنى، شاھىنشاھنى،
دۇنياغا كەلتۈرگىلى ھەم سەن ئانا.

ماركس ۋە لېنىننىمۇ تۇغۇپ ئاسراپ،
ئۇلۇغلاپ ئۇستۇرگىنى سەنسەن ئانا.
پاخلاندەك ئىككى ئوغلۇم ئوستى ئەنە،
پەخرىم شۇ، غۇرۇرۇم شۇ — مەن ھەم ئانا.

1980 - يىل.

## يىقىلسا

خىيال بىلەن ماڭاتتى شائىر،
يىقىلدى - دە يىقىلدى مۇزغا.
كوزى چۈشتى "پالا كەتەي" دەپ،
كولكىسىدىن تىپىلىقان قىزغا.

قولى بىلەن تاياندى يەرگە،
قوپتى ئاستا، كىرىلدى - دە، بىر.
مېيىقىدا كۈلدى ئۇ تاپقاچ،
يىقىلىشتىن يېڭىچە پىكىر:



"مەن يىقىلسام تېپىلىپ نايەت،
قوپمەنكەن تايىنىپ يەرنى.
ئەس باسمامدۇ بىر ئۆمۈر بويى،
گەل قەلبىدىن يىقىلغان ئەرنى."

1980 - يىل.

## كەچقۇرۇن

ياقۇتۇرەڭ دوپپا كىيدى سوۋادانلار،
مەجنۇنتال ھالرەڭ شايى رومال ئارتتى.
كوتەردى گۈلىستانلار رەڭلىك كۈنلۈك،
قۇياشمۇ تاغ كەينىگە ئاستا پاتتى.

ھاراقسان تالزارلارنىڭ ئارىسىدا
ئەكىلەپ خىيال بىلەن ئاقار دەريا.
ئوزىچە كۈي كۈيلەيدۇ نىمىلەر دەپ،
ۋە ياكى ئەللەيلەيدۇ سىنى گويا.

گۇچرايدۇ يوللىرۇڭدا باغلار پات - پات،
شاخلىرى چىغىر يولغا بويىن ئەككەن.
گۇچرايدۇ سوقما تاملىق پاكار ئۆيلەر،
دەرەخزار ئارىسىغا تامام چوككەن.

تولغىنىپ سۇغا چىققان لىۋەن قىزنىڭ
تارتىدۇ سۇرىتىنى كولنىڭ سۈيى.
قىزلار ئۇ قىيتىدا ئات سۇغارغان،
يىگىتنى كورگىنىدە توغاچ يۈزى.

ئال باراڭ، كاۋا باراڭ سايە سالغان،
ھويلىلار كەڭ سۈپىلىق، پىشايۋانلىق.
گىچىلار رەڭمۇ - رەڭلىك ناماشىئەم گۈل،
رەيھانگۈل شىلدىرلايدۇ خۇشپۇراقلىق.

پادىچى ئىيى بۇزار جىمجىتلىقنى،
مەلىنى لىق تولدۇرۇپ پادا قايتار.
ئېتىزدىن، خامانلاردىن يانار ھەممە،
ھەر ھويلا - ئارامىلاردا ھايات قايىنار.

شەپەقتىن تاجى تاققان بوستانلارغا،
ئاستىلا پەردىسىنى يايار گۈگۈم.
نىمە دىگەن جان ئارامى، ئاسايىشلىق،
بىر كۈنلۈك ھاردۇغىنى ئالار يۇرتۇم.

1981 - يىلى 7 - ئاي، قەشقەر.

## دوڭكول

مەۋج ئۇرار كۈمۈشتەك سۈيى،
نۇر ئىچىدە، ئايدىڭ كېچىدە.
نۇرغا چۈمۈپ ياتاتتى دوڭكول،
يولتۇزنى ئاي قوغلار ئىچىدە.



كىچىكىمدە ئويناپتىم كېلىپ،
قانماس ئىدىم شۇ يەردە ياشاپ.
قۇم لىپىدا "چىم - چىم" ئېتەتتىم،
قالغاچتەك ئۇيلەرنى ياساپ.

ياقا يۇرتتا يۇردۇم قانچە يىل،
ئاشتى ئوتتۇز ئالتىدىن يېشىم.
ئوكياندا قالغان قېيىقتەك،
نى ئىشلارنى كورمىدى بېشىم.

مەيلى قەيەردە يۇرسەممۇ شۇ جاي،
بىر چىراقتەك قەلبىمدە يانار.
قالار ئىدى چۈشۈمگە كىرىپ،
ئاتا - بوۋام ياشىغان جايلار.

چۈشلۈرۈمدە يۇرەر ئىدىم مەن،
بالا بولۇپ ئارقامغا يېنىپ.
ئوينار ئىدىم كولنىڭ بويىدا،
قالماس ئىدىم زادىلا ھېرىپ.

بۈگۈن مانا كەلدىم بويىغنى،
تاۋاپ قىلىپ، كوزۇمگە سۈرتۈپ.
ئىككى ئوغلۇم تويمىدى ئويناپ،
بېلىق تۇتۇپ بويىدا يۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بالاچاغدا بىللە ئوينىغان —
ئاداشلىرىم يوخلىدى كېلىپ.
باللىرى ئىككى ئوغلۇمنى
ئويناش ئۈچۈن كېتىشتى ئېلىپ.

دېدى دوستلار: "كەلگىنىسەن پات - پات،
كورۇشەيلى كەتمەستە قېرىپ."
ئۇز دوستىغا دەر ئىدى ئوغلۇم:
"پات - ئارىدا كېلىمىز يېنىپ."

ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ ئۇلغىيىپ،
بالىسىنى يېتەكلەپ كېلەر.
نەۋرىلىرىم، چەۋرىلىرىم ھەم،
ئاتا - بوۋا جايىنى بىلەر.

1981 - يىل 7 - ئاي، قەشقەر.

## ئۇستاز

بىرلا كورۇپ تونىدى مېنى،
زېھنى ئوتكۇر ئۇستازىم مېنىڭ.
ھاياجاندا قالدىم تىكىلىپ،
ۋە كەلمىدى سوزلەشكە تىلىم.

ئوتكەن سانسىز جۇدۇنلار ئۇنىڭ،
باشلىرىغا سېپىپتۇ قىراۋ.
تونىدىممەن نۇرلۇق كوزىدىن،
ئېيتىمىسىمۇ ئىسمىنى بىراۋ.



ئوتتى ئۇنىڭ ئومرى - ھاياتى،
ياشلىقىنى بېغىشلاپ ئەلگە.
ئوتۇپ كەتكەن يىللار بىلىنمەس،
قېرىلىقتىن بەرسىمۇ بەلگە.

ئوت ئوغۇرلاپ بەرگەندەك گويا،
پىرومېتى ئىنسانلار ئۈچۈن؛
ئىلىم - پەندىن ياندۇردى چىراق،
سانسىز دىلغا زېرىكمەي كۈن - تۈن.

ئېغىر يۈكنى ئېلىپ ئۈستىگە،
ئۇ بىز ئۈچۈن دەرت تاتتى تالاي.
ئوتتى قانچە كېچە ئۇش بىلەن،
چولپان كورۇپ، پاتقاندىمۇ ئاي.

ئەتۇر قۇيۇن، جۇدۇنلار بىر چاغ،
ئاققۇزسىمۇ كوزىدىن قان - ياش.
ئويلىغاندا ئەۋلاتلارنى ئۇ،
مۇشكۇللەرگە بېرەلىدى بەرداش.

قەلبى ئۇنىڭ پايانسىز دېڭىز،
دولقۇنلىرى قىرغاققا ئۇرغان.
مەرىپەتنىڭ يامغۇرىدۇر ئۇ،
تەشنالىقنى قاندۇرۇپ تۇرغان.

ئۇنىڭ قوينى بىپايان ئاسمان،
چاقنىتىدۇ سانسىز يۇلتۇزنى.
ئۇنىڭ مېھرى بەئەينى قۇياش،
بەرپا قىلار تۈندىن كۈندۈزنى.

تۈگمەيدۇ تەربىي ئۈچۈن،
زور بىر داستان ياراتسام ئەگەر.
ئەجرى ئۈچۈن قىلىدۇ ئازلىق،
باش - كوزىدىن چاپقاندىمۇ زەر.

1981 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.

## بىر تەھرىرگە خەت

بىلدىم دوستۇم تەھرىر بولۇپ قولۇڭغا،
بىر رەھىمسىز قىزىل قەلەم ئېلىپسەن.
قاسساپ ياكى خىرۇرگدەك ئەسەرنى،
پارە - پارە قىلىپ، راسا تىلىپسەن.

گاھى يەرنى سىلىقلاپسەن رەندىلەپ،
گاھى يەرنى پالتا بىلەن چېپىپسەن.
نۇقسانىنى كورمەي قاپسەن بەزىدە،
توغرا يەردىن ئۆڭەن - چۆڭەن تېپىپسەن.



پاكى ساڭا ۋەزىپىمۇ جان دوستۇم،
شايى رەختكە ياماق سېلىش ماتادىن.
پاكى ساڭا ئادەتمىدى تۈزمەگلىك،
ئەسەر يىراق بولسىمۇ گەر خاتادىن.

قان، تەر بىلەن پۈتەر ئەسەر ئاپتورغا،
بولۇپ قالار ئۆزى تۇققان بالىدەك.
قىممىلىماي قايتۇر ئۇنىڭ ئۆزىگە،
نۇقسانى بار ياكى تۇرسا چالىدەك.

ئاپتور ئۆزى پىششىقلىسا، تۈزەتسە،
كەلمەسمىدى گۈلى راسا گۈللىگە.
بولماسمىدى باغۋەن ھارام شېخىنى،
پۇتاپ ئەجىر قىلغىنىدەك مۇڭگە.

1981 - يىل، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چۆلدىكى بىكەتتە

(داستان)

## مۇقەددىمە

كىچىكىمدە سورار ئىدىم: "چۆلنى سۇغارغان،
شوخ ئۆيناقى ئېقىن سۇلار كېلىدۇ نەدىن؟"
جاۋاپ بېرەر ئىدى مومام: "كوردۇگمۇ تاغنى،
دەريا - دەريا ئاققان سۇلار كېلەر ئەشەدىن"

سورار ئىدىم: "قىيالاردا ئۆسكەن ئالامەت،
ئۆزۈن يىللىق چىنار ئوزۇق ئالىدۇ نەدىن؟"
مومام جاۋاپ بېرەر ئىدى: "ئوزۇقلۇق، سۇنى
يىلتىزلىرى بىلەن ئۇلار ئالىدۇ يەردىن.

ھېچبىر كىشى قىلمىسىمۇ چىنارغا پەرۋىش،
ئۆسىدۇ ئۇ شاخلىرىنى يېيىپ ۋە تەنھا.
ئۆتكۈنچىگە سايە تاشلار، بېرەر ئاراملىق،
ئۇ پىداكار، ئۆز ئىشىدىن قىلماس تەمەننا."



يازنىڭ گۈزەل بىر ئاخشىمى پەيزىلىك ئەجەپ،
چاقنىماقتا كوكتە يۇلتۇز، سوقىدۇ شامال.
ئاي ئۈزىدۇ كوك ئاسماندا ئالتۇن لىگەندەك،
ئوماق قىزنىڭ يۈزلىرىدەك كورسىتىپ جامال.

ئارقىسىدا قالدۇرۇپ تېز قۇيرۇقسىمان ئىز،
يۇلتۇز كوچەر گاھى - گاھى كوكنىڭ چېتىدە.
قۇم بارخىنى، يۇلغۇنلۇقلار، توغراق ئورمىنى،
شېرىن ئۇيقا بوشۇگدە ئۇخلار كېچىدە.

ئاسپالت يول ئاي نۇرىدا كۈمۈچ يىلاندەك.
باياۋاننىڭ قاپ بېلىدە سوزۇلۇپ ياتار.
يىراقلاردا جۈپ - جۈپ نۇرلۇق كوزلەر كورۈنەر،
بىر - بىرىنىڭ ئىزلىرىنى قوغلىشىپ قاتار.

تۈن كېچىدە كوزلىرىدىن چاقنىتىپ ئۇچقۇن
ھوۋلاپ يۈرگەن چىلبورىمۇ دېمىگىن ئۇنى.
قاتار - قاتار ماشىنىنىڭ چىرىغى ئۇلار
بىخارامان ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان چۆلنى.

ماشىنىدىن قالماي ئۈزەر كوكتە تولۇنئاي،
ماشىنىغا قاراپ ئۇچار تاغلار، ئېدىرلار.
بىر يېقىملىق گۈرۈلدەيدۇ تىنماستىن موتور،
ئۇچرار پات - پات يول كورسەتكۈچ تاشلار، بەلگىلەر.

بىر ئاجايىپ ھېس بار مەندە، قالسام ئويۇمدە،
ئۈچ - تۆت كۈنمۇ تۇرغۇزمايدۇ يولنىڭ پىراقى.
مەيلى تومۇز، مەيلى قىشتا قالمايمەن توختاپ،
كورۈنمەيدۇ كوزلىرىمگە يولنىڭ يىراقى.

يولغا چىقسام چىققان كەبى قۇشقاچ قەپەزدىن،
تېنىم يايرار، يول ئازاۋى زادى بىلىنمەس.
جەنۇپ، شىمال يولى ماڭا پەقەت ھەپتىلىك،
شۇنچە يوللار بىر كۈنلۈكتەك كوزگە كورۈنمەس.

ماشىناڭنى ئوت ئالدۇرۇپ قەشقەردىن چىقساڭ،
چۈش بولمايلا مارالۋېشى ئاچىدۇ قۇچاق.
ئاقسۇدا سەن ئىچسەن كەچلىكى چاينى،
ھە، ئەتىسى كۇچار قىزى كۈلىدۇ خۇشچاق.

باش ئەگمىدىن ئاستا يۇرسەڭ ئەگىپ كېتەلمەي،
كېلەر سېنى قۇتلۇقلۇشۇپ ئاشقىلار تېغى.
دوست - يارانلار كوڭلى ئاغرىپ قالىدۇ رەنجىپ،
داۋانچىڭنىڭ تاۋۇزىنى يىمىسەڭ تېخى.

× × ×

دەرىزىدىن تىكىلىمەن ئەتراپقا جىمجىت،
كەچمىشلەرنى كەلتۈرىمەن ئېسىمگە بىر - بىر.
توۋا دەيمەن ئوز - ئوزۈمگە شۇمىدۇر بۇ جاي،
ئىككىنچى رەت بۇ يەرلەرگە كەلتۈردى تەقدىر.



چەكسىز كەتكەن باياۋانغا خالدەك يارىشىپ،
كىچىك بىكەت تۇرار ئىدى بۇندا چوخچىيىپ.
توختاپ بۇندا يەرگە چۈشتۈم، ئوچۇردۇم ئوتنى،
شۇ بىكەتتە بۇگۈن كېچە قونماقچى بولۇپ.

ئوي كەينىدە كىچىك باغچا، تۆت تۈپ ئۈرۈكى،
ئاق شايىدەك كورۈنىدۇ ئۇنىڭ چېچىكى.
قاغا جىگدە خۇددى تامدەك بوپتۇ باراخسان،
زەپ چىرايلىق كوكۇرۇپتۇ چولنىڭ ئېتىكى.

بۇ بىكەتكە يېقىنلاشتى ئىككى ماشىنا،
چاتقانلىقتا بەسلەشكەندەك ئىزمۇ - ئىز قوغلاپ.
توختاشتى - دە، ئىككى شوپۇر كولۇشتى خوشال:
"قانداق بوۋا ئامانمۇ سەن" — دېيىشتى توۋلاپ.

چىقتى بوۋاي كۈلدى قاھ - قاھ، ئاچتى قۇچاقنى،
دېدى: "ئەمدى كەپسىلەردە بۇ ئىككى بىغەم.
سىلەر بىلەن كەتكەن ھاشىم قاچلاپ تۈگنى،
غاقىرىتىپ قارىمايغا كەتكىنى نىكەم."

جاۋاپ بەردى يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭغا خۇشچاق:
"ۋەزىپىمىز چىقىپ قالدى قەشقەر - خوتەندە."
"قېنى ئويگە، — دېدى بوۋاي، — ئىبلىگلار ئارام،
ھاردۇق چىقار تويغۇدەك بىر تاماق يىگەندە."

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىزىپ كەتتى ئاشخانىدا تۈن كېچىدە ئىش،
ئارقالماقتا ئوپ - چورىگە مەزىلىك پۇراق.
ئاپپاق خالات كىيىۋېلىپ بولۇپ پەرۋانە،
كۈتەر بوۋاي ھەممىمىزنى شۇنچىلىك خۇشچاق.

ئويلاپ قالدىم، بوۋاي ئىدى بىكەت باشلىقى،
يۈرۈدىغۇ ئاشخانىدا قازان بېشىدا.
تىنماس بوۋاي ئىكەن ئەجەپ، مۇنچىۋالا ئىش،
ئېغىرچىلىق قىلمامدىكەن شۇنچە يېشىدا.

ئوچتى چىراق، قاچتى ئۇيقۇ، چىقتىم ياتاقتىن،
باغ كەينىدە - قۇم دۆڭدە ئولتۇردۇم بىر دەم.
نۇرغۇن ئىشلار، كەچۈرمىشلەر ئۆتتى ئالدىمدىن،
باش - ئاياقسىز خىيال يىپى چۇگۇلۇپ شۇ دەم.

ئاسايىشلىق، جىمجىتلىققا چۆمدى بىكەتمۇ،
تۈن كېچىدە ھەممە ئۇخلاپ كەتتى ئېھتىمال.
ئىلدىرلىدى قۇملار شۇدەم، قارىدىم پەسكە،
قۇم دۆڭگە چىقار ئىدى بوۋاي بىمالال.

"كېلىڭ ئاتا، ئېلىڭ ئارام" (ئورۇن كورسەتتىم)
ئىللىق قۇمغا يانپاشلىدى ئاستا يېنىمدا.
"چارچىغانسىز، — دېگەن ئىدىم، دېدى: "ئاتمىشتىن —
ئاشتىم، لېكىن، قۇۋۋىتىم بار تېخى تېنىمدا."



"بىر كورمەككە زوقمەن ئىدىم، — دېدىم سوز باشلاپ، —
كوپتىن بۇيان داڭقىڭىزنى كەلگەنتىم ئاڭلاپ."
كۈلدى بوۋاي پەرىشتىدەك شۇنچە سەمىمى،
ئاق يىپەكتەك ساقىلىنى ئاستا تۇتاملاپ.

"زېرىكمەمسىز، يۇرت ئىچىگە يىراقكەن بۇ جاي،
ئاجايىپ بىر جىملىق ھوكۇم سۈرەركەن بۇندا."
چەكسىز چولگە نەزەر تاشلاپ ئويلىدى بىر پەس،
كۈلۈمسىرەپ ئاستاغىنا سوز قاتتى شۇندا:

"زېرىكىشكە ۋاقىت يوقتۇر، بۇنىڭ سىرىنى،
بۇندا ئۈچ كۈن تۇرساڭ ئەگەر بىلەتتىڭ ئوبدان.
ئىشىكىمدىن گۈدۈك بېرىپ يۈزلەپ ماشىنا،
ھەر كۈنلىكى، ھەر سائەتتە ئوتىدۇ ھەر يان.

يىراقلاردىن سىگنال بېرىپ زوق - شوقى بىلەن،
شوپۇرلۇرۇم، شۇڭقارلىرىم كېلىشەر پات - پات.
— سالام بوۋا، ياخشى قالغىن، — دېيىشسە قوۋناق،
قول سىلكىسە كوزنىكىدىن بولىمەندە شات.

گاھ پاساژىر ئاپتوۋۇزى توختايدۇ بىر چاغ،
سوزلىنىدۇ خەۋەرلەرنىڭ يېڭى - يېڭىسى.
ھويلا - ئارام، ئويلەر ئەجەپ بولىدۇ ئاۋات،
ئايرىلىشقا قىيمايدۇ كوز خېلى - خېلىسى.

بەزەن قاتار - قاتار بولۇپ ماشىنا سىپى،
توختار بۇندا، چۇقان بىلەن تاشىدۇ كۆلكە.
گاڭ بەدەنلىك ئوغۇللار ھەم ئالىمدەك قىزلار،
دەيدۇ: 'بوۋا ماكانىڭنى ئورايمىز گۈلگە.

ئاگلا بوۋا، ئاتلاندۇق بىز پايانسىز چولگە،
كوچەت تىكىپ بىر چىرايلىق قىلىمىز تالزار.
ئۆستەڭ چېپىپ، باشلاپ كېلىپ تاغنىڭ سۈيىنى،
بارخانلارنىڭ ئورنىنى تېز قىلىمىز شالزار...»

مۇشۇ يولدىن ھەر كۈنلىگى ئۆتەر مىڭلاپ جان،
ھە، ھەممىسى ئوغلۇم ماڭا بولىدۇ مېھمان.
كونۇپ قالدىم ئۇزۇن بولدى مۇشۇ جايغا مەن،
شۇڭقارلىرىم بىلەن بولۇپ قاپتىمەن بىر جان.

نىمىسىنى ئېيتاي ئوغلۇم ئۆتىدۇ شۇ چاغ،
خوشلۇق ئىچىدە كوڭلۇم تولۇپ بۇ يەردە ھايات.
ياشارغاندەك ئانا تۇپراق، ياشاردىم مەنمۇ،
يۈرۈگۈمدە نى ئارزۇلار قاقىدۇ قانات.

ۋۇجۇدۇمدا بىر خوشلۇق بار، گۈلغىيار شۇنچە،
ئەلگە مەندىن تېگىدۇ نەپ، ئەلگە كېرەكمەن.
نەۋ باھاردا سۈردۈم مەنمۇ يېشىل نوتىلار،
ئېزىز چولدە يىلتىز تارتقان مەزمۇت تىرەكمەن.»"



"ئاتا، — دېدىم، — يۇرت ئىچىدە باردۇر بىكەتمۇ
كېلىپ قاپسىز ئەۋزەل كورۇپ شۇنچە يىراقنى."
تۇرۇپ قالدى سوزمۇ قىلماي بوۋاي بىر ھازا،
دېدى: "ئوغلۇم قوزغىدىڭدە دەردۇ - پىراقنى."

قاراپ ئاڭا، سوزلىرىمگە قىلدىم پۇشايمان،
كوزلىرىدە مولدۇرلەيتتى ياشلىرى پەۋەس.
دېدى: "ئوغلۇم بىزدەكلەرگە ئۆتكەن كۈنلەردە،
بۇ كەڭ جاھان بولغان ئىدى زىندانۇ - قەپەس.

بىلسەڭ گۈزەل قەشقەر — مېنىڭ ئەسلى يۇرتۇمدۇر،
دەرت ۋە ئەلەم ئۇز يۇرتۇمدىن ئايرىغان مېنى.
خوتۇنۇمنى، ياش قىزىمنى يېتىلەپ غەمكىن،
چىقىپ كەلگەن ئىدىم يۇرتتىن."
"ھە، ئۇلار قېنى؟"

"ئۇزۇن يوردۇق، يول يۈرسەكمۇ راسا مول يۈردۇق،
چاڭقاپ ھېرىپ مۇشۇ چولگە يېتىشتۇق ئاران.
ئۇسسۇزلۇق ھەم ئاچلىق دەردى قاخشىتار تەننى،
قىز بىچارەم زارلاپ دەيتتى: ئانا بەرگىن نان.

بەزلەر ئىدۇق: جېنىم بالام، يىغلىما قوزام،
كارۋان ئوتۇپ قالسا ئەگەر بىرەر سىز ھەم نان.
ئوتتى ئۈچ كۈن، ئوتتى توت كۈن، كارۋان ئوتمىدى،
توتىنچى كۈن تاڭ سەھەردە قىزىم بەردى جان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىغلاپ ـ قاخشاپ، قارا كورۇپ يەلە يول يوردۇق،
مىڭ جاپادا مۇشۇ جايغا يېتىشتۇق ئاران.
ئەسكى كەپە كەينىدە بىر بۇلاق بار ئىدى،
مەرۋايىتتەك سۇلار ئاقاتتى ھەر يان.

سۇ بويىغا دەپنە قىلدۇق ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق —
خازان قىلغان شۇ يىگانە شورلۇق قوزامنى.
ئىچ ـ ئىچىمدىن چىقار ئىدى بەزەن ئوتلۇق ئاھ
ئەسلىگەندە ئاشۇ كىچىك مۇڭلۇق يېزامنى.

ئېغىر كۈنلەر، پەرزەنت دېغى ئەزگەچ يۈرەكنى،
شۇ بۇلاققا كوز يېشىنى توكتى ئانىسى.
قۇرۇپ پۈتتى بوران سوققان كۈزگى ياپراقتەك،
يالغۇز باشقا قالدى قايغۇ ـ زۇلمەت خانىسى.

قۇرۇپ پۈتتى ئېنىمدىكى مادارۇ ـ دەرمان،
يالغۇز باشنى باستى قات ـ قات زۇلمەتنىڭ تېغى.
قەيسەر ئىدىم، كۈلپەتلەردىن قەددىم پۈكۈلدى،
يۈرۈكۈمنى پارە قىلدى ھىجراننىڭ دېغى.

يۈرۈكۈمنىڭ تەك يېرىمى كومۇلدى يەرگە،
قالدىم بۇندا ھەسرەت بىلەن كوزۈمنى ياشلاپ.
ياشاپ قالدىم يولۇچىنى، كارۋاننى كۈتۈپ.
مۇشۇ مۇڭلۇق ماكانىمنى كېتەلمەي تاشلاپ.



باياۋاندا كوز يۇمغانلار ئاھ، ئوغلۇم سانسىز،
بەزىلىرى بۇ بىكەتكە يېتەتتى ئاران.
ھە، قانچىسى ھەسرەت بىلەن ماڭا تاشلىنىپ،
ئەلەم بىلەن ئۇز قولۇمدا بەرمىگەنمۇ جان!؟

بوران چىقىپ، قۇملار كوچۇپ كومۇلسە يوللار،
باياۋاندا قۇرۇپ پۈتكەن قانچىلاپ كارۋان.
تەكرارلانغان مىڭ يىللاردىن بۇيان مۇشۇ ئىش،
غېرىپ قەۋرە، قۇم تېگىدە كومۇلگەن ئارمان.

مۇشۇ چولدە ئوتتى مېنىڭ ئومرۇمنىڭ تېگى،
ئوغلۇم بىلسەڭ مېنىڭ مۇندا كورمىگىنىم ئاز.
شۇۋىرغانلار، قارلار ئۇچۇپ ھوۋلاپ كەلسە قىش،
كارۋانلارغا بالا ـ ئاپەت بولغان ئىدى ياز.

يىراقلاردىن بەخت ئىزلەپ، قىشلاق، شەھەردىن،
جۇلدۇر كىيىپ بىچارىلەر كېلەتتى ھالسىز.
بىر كۈن ئاخشام سەنتۈرۈلۈپ كولەڭگىلەردەك
يېتىپ كەلدى قاغجىرىغان بىر يىگىت بىر قىز.

بىچارە قىز ئارانىغىنا دېيەلەيدى "سۇ"
كۈنىڭ قارا كوزى شۈدەم ياش بىلەن تولدى.
كۈز شامىلى پۈرلەشتۈرگەن كۈزگى ياپراقتەك،
ياش بىر نوتا — ئاشۇ بەرنا ئاستىلا سولدى.

قىز تۈن بويى ئازاپلىنىپ سۇبھى پەيتىدە،
چەكسىز ئەلەم – ھەسرەت بىلەن ئاستا بەردى جان.
قۇم دۆڭدە قەد كۆتەردى مۇڭلۇق بىر قەۋرە،
ياش يۈرەكتە كەتتى بىللە قانچىلاپ ئارمان.

"ئوغلۇم، — دىدىم، — ياقا يۇرتتا بولۇپ سەرگەردان،
نىمە ئىزلەپ كەلگەنسىلەر بولۇپ بۇندا خار؟"
"ئاتا، — دىدى دۇر توكۇلدى ياشلىرى زىنھار، —
ئېزىز يۇرتتا تاپالماي رۇناق يىغلىدۇققۇ زار.

كەڭ دۇنيانى ئىلكىمىزگە قىلدى زىندان، دار،
سۆيگۈمىزنى چەكلىمەك بوپ قازى – كالانلار.
قاباھەتلەر كەيپى – ساپا ئىچرە كۈلدى شات،
بىزنى بولسا تاش بوران قىپ سۈردى چايانلار.

ئەرك ئۈچۈن، سۆيگۈ ئۈچۈن قەلبىم خارلاندى،
ئەزىز سۆيگۈم يەرگە پاتتى، يۈرەك زارلاندى.
ھاياتىمدا بارۇ – يوقۇم، ئارزۇ – ئارمانلار،
چەكسىز چۆلدە قالدى، ئەمدى سويۇملۇك دىلدار.
ھەممىسىدىن مەھرۇم قىلغان ۋەھشى دۇنيادا،
ئېيتىپ بېقىڭ جېنىم ئاتا ماڭا نىمە بار؟!"

"يالغۇز باشنى ئېلىپ كەتتى باياۋان چەكسىز،
باياۋاندا، قۇم تېگىدىن جاي ئالدى شەكسىز.
شۇ يىگىتتەك قانچە ئىنسان ئارماندا كەتكەن،
ئوغلۇم، چۆلدە ئىز – دېرەكسىز يوتكەنلەر سانسىز..."



تىللىرىم لال، كېپىنەكتەك تىترەيدۇ تېنىم،
كۆزلىرىمدىن تامچىلاتتى توختىماي ياشلار.
ئاشۇ يەردە ئۇچراشتۇردى بىزلەرنى تەقدىر،
ئون يەتتە يىل ئۆتۈپ ئاخىر كۆرۈشتۇق دىدار.

"ئاتا، — دىدىم، — ئۇچراشتىمۇ ئاشۇ بىچارە؟
دىدى بوۋاي: "قۇم باسقاندۇ قەۋرىنى ئۇنىڭ."
دىدىم: "قاراڭ شۇ يىگىتكە ئوخشامدىكەنمەن؟"
ئۇ، دىققەتتە نەزەر سالدى يۈزۈمگە مېنىڭ.

شۇدەم ئۇنىڭ ھاياجاندا تىترىدى ئۈنى،
"شۇ سەنمىدىڭ" دەپلا مېنى باغرىغا باستى.
كۆزلىرىدىن شاتلىق يېشى قۇيۇلدى سەلدەك،
ۋۇجۇدىدا بىر خوشاللىق دولقۇنلاپ تاشتى.

"نەدە ئوتلاپ، نەدە سۇلاپ، يۈردۈڭ نەلەردە؟"
دەيتتى بوۋاي: "كەچمىشىڭنى سۆزلىگىن تېزرەك."
سۆزلىدىم مەن: "سىزدىن كېتىپ يىقىلدىم چۆلدە،
ھاياتىمنىڭ چىرىغىنى ياقتى قوڭغۇراق.

"نىمە دىدىڭ، ساڭا ئۇندا يولۇقتى كارۋان؟"
"توگىچىلەر ئىكەن ئۇلار قىلىشقان سەپەر،
قۇتقۇزۇشتى ياش جېنىمنى چىقىرىپ قۇمدىن،
قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىمگە تېمىتتى كەۋسەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

زېمىستان قىش، ياز تومۇزدا يۈردۈم يوللاردا،
بىرەر كۈنمۇ تاپماي تىنىم، توگە يېتەكلەپ.
بەش يىل ئۆتتى ئاجايىپ ئىش: ئۆزگەردى دەۋران،
كەلدى باھار، قۇياش كۈلۈپ ئارزۇ چېچەكلەپ.

ھوكۇمەتنىڭ چاقىرىقىغا قوشۇشۇپ ئاۋاز،
توگىچىلەر ئۇيۇشقانتى بولۇپ بىر شىركەت.
ماشىنىلار، تىراكتولار ئاز ئىدى ئۇ چاغ،
ئاشۇ شىركەت نەپ بەرگەنتى ئەلگە نۇرغۇن رەت.

گولوگلار دۈيلىرىنى باشلاپ ئاي ھەم يىل،
تەكلىماكان چۆللىرىنى كەزدىم نەچچە رەت.
گاھى چېگرا يوللىرىدا توشۇدۇم يۈكلەر،
قانچە قېتىم مۇكاپاتلار بەردى ھوكۇمەت.

ئۆتتۈپ ئاي، يىل ماشىنىلار ئالدۇق شىركەتكە،
ئارام ئېلىپ قالدى توگە، ئات ۋە ئۇلاقلار.
كۇرستا بىر يىل ئوقۇپ بولۇپ قالدىم مەن شوپۇر،
يېقىن بولدى مېنىڭ ئۈچۈن ئەمدى يىراقلار.

سىزچۇ ئاتا، قالدىڭىزغۇ ياشنىپ ئەمدى،
پېنسىيىگە چىقارسىزمە، ئېلىشقا ئارام."
كۈلدى بوۋاي: "تومۇرۇمدا ئاقىدۇ قۇۋۋەت،
مېنى يولدىن قوغلايمەن دەپ بولما بىئارام."



بوۋاي كۈلدى، كۈلدۈم مەنمۇ، كۈلدۈق قاقاخلاپ،
كۈلكىمىزدىن ئۈچتى تورغاي كەتتى يىراقلاپ.
قۇم دوۋىدىن تېتىنىك بوۋاي سىرىلدى پەسكە،
زەڭگە قاراپ بىر تىراكتور كەلگەچ ئاراقلاپ.

× × ×

سەھەر، ئۇيقا بوشۇگىدىن ئويغاتتى موتور،
شوخ يىگىتلەر يىراقلارغا يەنە يول ئالدى.
ئۆز ئوغلىنى ئۇزاتقاندەك يىراق سەپەرگە،
ئاق يول تىلەپ غەمخور بوۋاي خوشلىشىپ قالدى.

خوشلاشتىم مەن ئۆز ئاتامدەك قۇچاقلاپ ئۇنى،
ئاران ماڭدىم ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيالماي.
ئاپپاق ئۈچتەك ساقىلىنى تۇتاملاپ دوگدە،
قالدى بوۋاي كوزلىرىنى تاش يولدىن ئالماي.

## خاتىمە

قىلدىم گۈنى كۈمۈش باشلىق چوققىغا تەقلىت،
تاغ قارلىرى يازدا ئېرىپ سۇغىرار چۆلنى.
ئوخشاتتىم مەن ئۆزۈن يىللىق چىنارغا ئۇنى،
ئۆتكۈنچىگە سايە تاشلار، كورستەر يولنى.

ئۇخشاتتىم مەن ئۇنى ئاپپاق ساقال خىزىرغا،
مۇشكۇللەردە ھەمدەم بولغۇر، رەنجىگە شىپا.
قەلبى ئۇنىڭ ئۇخشار تۈندە يانغان چىراققا،
ئاداشقانغا كۆرسىتەر يول، توكەر نۇر - زىيا.

1966 - ۋە 1980 - يىللار

قەشقەر، ئۈرۈمچى.



# زەينۇرە ئەيسا

# ئاق ئەتىرگۈل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## قاش تېشىنىڭ سوزى

قىرغاق سويگەن يۇرۇڭقاشنىڭ سۆزۈك سۆيگە،
تىكىلدىممەن، كوزۇم چۈشتى بىر ئىسىل تاشقا.
ھۆنداق تاشكى، شەكلى ئىدى ئادەم يۈرىكى،
نۇر چېچىشى ئوخشار ئىدى خۇددى قۇياشقا.

سۆزۈپ چىقتىم خېلى تەستە تاشنى دەريادىن.
ھاياجاندا كەتكەن كەبى بولدۇم ھوشۇمدىن.
كۈن كەلگەندەك بولدى بىر چاغ ماڭا سامادىن،
نەسا ماكى، كۈن كېلىپتۇ ماڭا قېشىمدىن.

تىلگە كەپتۇ يۈرەكسىمان ھىلىقى قاشتاش،
(يېزىۋالدىم قولغا ئېلىپ قەلەم - قېرىنداش)
دەر: "ئالدىدا ئۇن ئەسىرنىڭ گودەك بالىدىم،
خىسلەتلىك قىز، دەيتتى بارچە دىلداش، يولەكداش.

دادام تۆگەپ، كېسەل ئاپام ماڭا تايانغان،
قالغان ئىدۇق ئائىلىدە يالغۇز ئىككى جان.
تەرلەپ پىشىپ سىزار ئىدىم مەن رەسىملەرنى،
رەڭ بويۇغۇم ئىدى تومۇر بەستىمدىكى قان.

رەسىم سىزىپ ئانام بىزگە ئەپكىلەتتى نان،
پۈركەتكەنتى خىسلەتلىك قىلىپ، دېگەن شوھرەت شان.
ئۇ چاغ ئىدى يېشىم مېنىڭ ئون بىردە ئاران،
ئىخلاس بىلەن ئۆگىتەتتى ئۇستازىم شەرۋان.

كەلدى دۈشمەن ئەسكەرلىرى بېسىپ بوراندەك،
جىنايەتكار بولدى رەسىم سىزغۇچى مەندەك.
بولغىنىدا ئۇستازىمنى ئۇلار ئۆلتۈرمەك،
جەڭگە چۈشتۈم جاللاتلارغا قارشى يەكمۇ - يەك.

جاللات كەستى جۈپ قولۇمنى، چىشلىدىم قەلەم،
چىشىم بىلەن سىزىۋەردىم رەسىملەر يانا.
ئۇقتى جاللات، ئۆلتۈرۈلدۈم، دېدىم: "رەسىمنى
يۈزىمگە قويۇپ كۆمۈڭ مېھرىۋان ئانا!"

دەرىخ، كەتتىم ئارمان بىلەن يورۇق دۇنيادىن،
ئانام قانداق سوراپ تۇردۇم كەلگەن ئەرۋاھدىن.
ئاڭلىشىمچە تاشدىكىن يورۇڭقاش ھەر ياز،
ئانام توككەن قانلىق ياش ھەم دادۇ - پەرياتدىن.

نەۋ باھارنىڭ تېگىدىلا كىردىم مەن تىلگە،
بۇدۇر مېنىڭ كۆلگەن مۇرات، بەختىمدىن بەلگە."

1975 - يىل، ئاۋغوست، ئۈرۈمچى



## ئۆرگىلەي، تاتلىق بالام

ئۆرگىلەي تاتلىق بالام، ھېكمىتىڭدىن ئۆرگىلەي،
ئەلگە بەرگەن چىن كۆڭۈل ھەركىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

چوڭنى كورسەڭ ئېگىلىپ قىلدىڭ سالام ۋە ئېھتىرام،
ئۇستازىڭ، ئاتا - ئاناڭغا ھۆرمىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

ئاپتوۋۇزدا ئۆزگىگە بوشىتىسەن يۇمشاق ئورۇن،
ھەرنەپەس خەلققە ئۇتۇنگەن راھىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

بەت قىلىق لۈكچەكلىنىڭ يۈزىگە پۈركەپ شەلپەرەڭ،
بىركىندۇرۇپسەن ئۆزگىنى، جۈرئىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

لىپى فېلىك باسقان يول بىلەن چىقىپ كەلسەڭ بەرق ئۇرۇپ،
غۇنچىلار كۈلدى مەمنۇن غەيرىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

پارچە پەندە يۈز نومۇر، ئەخلاق، ئوقۇشتا ئۆلگىسەن،
مەرتلىك جېڭىدە پالۋان ھىممىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

ئىقبالىڭ كۈندىنمۇ پارلاق، غايەڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەس
كوممۇنىستىك خىسلەتتەك ئۆلپىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

1979 - يىل، ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە، ئايدىڭ توكلەر
كەڭ دالىغا سىماپ كەبى نۇر.
ئالتۇن باشاقلار مەيىن يەل بىلەن
قىلىشار تازىم، سۇۋادان مەغرۇر.
ئايدىڭ كېچە، ۋاپاسىز شۇ قىز
سۆندى يىگىتكە ھىجران داغلىرى.
ئۆرتەندى گويا ۋەيلۇن دوزاقتا
يىگىتلىكىنىڭ گۈلزار باغلىرى ...
ئايدىڭ كېچە،
گاڭ ئوغىقىنى
بىلەيدۇ يىگىت بىر قۇرام تاشقا.
ئوغاق بېشىغا سېپىدۇ سوغ سۇ،
ئۇنىڭ غەزىۋى ئايلىنىپ ياشقا.
ئۆز - ئۆزىگە قويار ئۇ سوئال:
"ئىشق چۆلىدە مەن دىۋانىمۇ؟
ئېيتىڭ يۇلتۇزلار،
تاغلار،
ئېتىزلار
نامەرتمۇ مەن يا مەردانىمۇ؟"
ئۇنىڭ ئوغىقى سوراق بەلگىسى،
شۇ كەگرى ئېتىز بېرىدۇ جاۋاپ.
يىگىت يىققان ئۈنچىلەر بىلەن
ياسار ئالتۇن تاغ بىر پەستە ئەتراپ.



ئوغىقى ئۈچ گەز گويا زۇلپىقار
جەڭگاھتا يىگىت باتۇر - قەھرىمان
مۇھەببىتىنى بېرىپ ئېتىزغا
كېسىكتەك ئۈزەر ئەمگەكتە ھەريان.
سەل - ئېقىن، بەلكىم توختىماس ئېرىق
دەيسىز يىگىتنىڭ چېكە تېرىنى.
ئەلنىڭ ئىشىغا ئاتىدى يىگىت
ئوتلۇق يۈرىكى، چەكسىز مېھرىنى.
ئايدىڭ كېچىلەر خوشلاشتى شۇنداق،
قىزارتىپ دايىم شەپەق يۈزىنى.
كېيىنكە چىقتى يىگىتنىڭ نامى
قىزارتتى نادان قىزنىڭ يۈزىنى.

1980 - يىلى، ماي، ئۈرۈمچى

## قايدىدۇر

پەن سېخى ئەل بەختىچۈن پەندەك ساخاۋەت قايدىدۇر
پەن ئۈچۈن چەكسەك جاپا بۇندا پاراغەت قايدىدۇر.

نى كەمەكلەر باركى ئالەمدە ئاجايىپ سېھرگەر،
نىمە ئۇ پەن ئالدىدا، پەندەك كارامەت قايدىدۇر.

چۆلدىكى كارۋان ئۈچۈن قازساڭ قۇدۇق بىر يەرگىندە،
ئەل ئوقۇيدۇ ئاپىرىن، ئۇنداق شىجائەت قايدىدۇر.

بۇلبۇلى چىللايدۇ باققا، ئاھۇلار تاغلار تامان،
يەر - بىلىم سېگنالىدەك شېرىن دالالەت قايدىدۇر.

يەر جىلۋىسى يۇلتۇزئارا، تىلماچ بولۇر يەر تەكتىگە،
ئىلمۇ - ئىرپان ئاشقىدەك يۈكسەك لاياقەت قايدىدۇر.

بى ساۋات مىڭ لەشكىرىدىن بىر ئاقىل غالىپ ھامان،
بولما ھەيران ئى نادان بۇنداق رىقابەت قايدىدۇر.

قويساڭ ئىلىم - پەندىن جىرىم بولسا خەلققە سايىۋەن،
جەننىتىگىنى قوي ئۇ چاغ، مۇنداق ھالاۋەت قايدىدۇر.

يۈگەنلىگەن دەريالىرىڭ چۆللەر بىلىنى باغلىسا،
نە كېرەك بوستان ساڭا، مۇنداق ساياھەت قايدىدۇر.

ھەر نەپەس دورلارنى ساچ پەندىن ۋەتەن كوكسىگە سەن،
بولساڭ كەمىنە شۇندىمۇ مۇنداق ئىناۋەت قايدىدۇر.

يەر دىمەك — غەزىنە دىمەك، ئالتۇن - كۈمۈشىنىڭ كانى ئۇ،
قىپ قانائەت يولدىن قايتساڭ سەندەك ھاماقەت قايدىدۇر.

يالغۇز ئاتىنىڭ چىڭى چىقماس، چىڭى چىقسا دىگى يوق،
قىلسا تەڭ پەنگە يۈرۈش، مۇنداق جامائەت قايدىدۇر.

1980 - يىل، ئىيۇن، ئۈرۈمچى



## ساھىپجامال قىز

(چوچەك)

زامانلارنىڭ زامانىدا بىر ئەلدە
ئۆتكەن ئىكەن پەرزەنتىك زار ئەر - ئايال.
تىلەكلىرى ئىجاۋەت بوپ ئۇلارنىڭ
تۇغۇلۇپتۇ ئاخىر بىر قىز ئاي جامال.
ساھىپجامال قايسى ياققا قارىسا
يورۇيدىكەن ئالەمنىڭ شۇ تەرىپى.
قىرىق بىر ھۈنەر ئۆگەنگەچ ئەنە قىز
كەڭ جاھانغا تارقىلىپتۇ تەرىپى.
ئورنەك ئىكەن چاقماق ئۆچۈن سۆرۈنتى
ھەيران ئىكەن بۇلبۇل ناخشا - كۈيىگە.
تەشنا ئىكەن كولدە ئاپپاق ئاققۇلار
مەپتۇن ئىكەن ئاي، يۇلتۇزلار ھوسنىگە.
ئەگەر تامسا كىمنىڭ يېشى قەيەرگە
ئەشۇ جايغا ئۈندىكەن قىز دەرھال.
ئەلەم - ھەسرەت داغلىرىغا شىپا بوپ،
دەرتمەنلەردىن سورايدىكەن ھال - ئەھۋال.
تويمايدىكەن ئانا قىزغا ھېچقاچان،
ئاتىسىنىڭ بېشى كوككە يېتىپتۇ.
قىز شەنىگە ئۇلار ئېيتقان قوشاقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

دەريالاردەك ئۇركەش ياساپ ئېقىپتۇ.
ئۇن كۈلكىگە بىر يىغا دەپ ئېيتقاندەك،
زەر ئاپتاپتا دەھشەت مولدۇر ياققاندەك؛
بىر شۇم ھوقۇش چىللايدىكەن مۇنداق دەپ:
(قۇلاقلارغا گوياكى مىخ قاققاندەك).
"ساھىپجامال بولالمايدۇ ئامان، ساق،
تا ئۆلگىچە جۈپتى بولماس (ئوتەر تاق).
ئۆلۈك يىگىت نىكاھىغا ئوتەر ئۇ،
قىزىڭلارنىڭ بەختى قارا، ئىش چاتاق ..."
بېشى قېتىپ شۇدەم ئاتا ـ ئانىنىڭ
شۇم خەۋەردىن زىدە بوپتۇ جىگىرى.
ئالغاچ مەسلىھەت ئەقىلداردىن، چوڭلاردىن
توقۇلۇپتۇ ئاتقا سەپەر ئىگىرى.
ئاتا ـ ئانا، ساھىپجامال ئۈچەيلەن
قۇتۇلماق بوپ ھۇقۇش ئېيتقان شۇملۇقتىن.
ھاسىلىرى ئۈپراپ چىغدەك قالغىچە،
ئوتۇشۇپتۇ قانچە داۋان، قۇملۇقتىن ...
كومتۇرۇلگەن قازاندەك كوك ئاستىدا،
چوللەر كېزىپ يۈرگىنىدە ئۈچەيلەن؛
پەيدا بوپتۇ سەلتەنەتلىك بىر قەسىر
تاملىرىدۇر ئالتۇن ـ كۈمۈش بەك بەلەن.
قىزچاق دەپتۇ: "چارچىدىڭلار ئەجەپمۇ
مېنىڭ ئۈچۈن جېنىم ئاتا جان ئانا.
بەلكىم باردۇر بۇ قورادا زىلال سۇ،
ئىچىپ چىقسۇن ئىچكۈزەي مەن بىر قاچا.
سۇسىز قېلىپ گۈلگە ئوخشاش سولاشقان،



ئاتا ـ ئانا ماقۇل بوپتۇ ئولتۇرۇپ.
قىز كىرىپتۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە.
چىقماق بولۇپ قاپاقنىلىق تولدۇرۇپ.
تۇيۇقسىزدىن قارا قۇيۇن بىردىنلا
چىقىراپتۇ قۇلاقلارنى يارغىدەك؛
قىز كىرەردە داغدام ئوچۇق دەرۋازا،
يېپىلىپتۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك.
ئاتا ـ ئانا دەرۋازىنىڭ سىرتىدا
قىز ئىچىدە،
زارلايدىكەن ئامالسىز.
قېلىنلىقى مىڭ گەز كەلگەن تام تۇرار،
بولۇتلاردىن ئېگىزلىكتە پەرۋاسىز.
ساھىپجامال ئىزدەپ ئامال چىقىشقا
قەسىر ئارا ھەر تەرەپنى كېزىپتۇ.
تۇشمۇ ـ تۇشتا كورۇنگەن زور پاجە
ئۇنىڭ سەبى يۈرىكىنى ئېزىپتۇ:
ئۇخلايدىكەن بىر سەت دىۋە شىپاگدا،
خورىكىدىن گۈلدۈرلۇتۇپ ھاۋانى.
كويشىگىنى ئادەم سوڭەك ـ پېيىكەن،
مورا دەيسەن بۇرنىدىكى كامانى.
بۇرنىنىڭكى توشۇكىگە ئۇ دىۋە
ئۇخلايدىكەن سېلىپ قىرىق ئاچقۇچنى.
ئويلاپتۇ قىز: "ئاچقۇچلارنىڭ بىرىدىن
تاپالار مەن چىقىپ كېتەر يولۇمنى."
ئېلىپ قويۇپ ئۇز جېنىنى ئالقانغا
قىز ئومىلەپ شۇ "مورا" غا كىرىپتۇ.

تاس قاپتۇ ئۇ ئۆيغۇ تۇشقا دېۋىنى
سېسىق بۇستىن كوڭلى ئاينىپ كېتىپتۇ.
ئاچقۇچلارنى ئېلىپ چىقىپ قىز شۇچاغ
دەرۋازىنى ئاچاي دېسە يوق ئامال.
ئاڭلانماپتۇ ئۇنى ئاتا - ئانىنىڭ
بۇ تىلسىمغا بوپتۇ قىزنىڭ ئەقلى لال.
بىر ئاچقۇچتا ئاچسا قىز چوڭ بىر ئۆينى،
ئاندا تۇرلۇك چارۋاماللار تۇرۇپتۇ.
ھەر بىرسىنى زەنجىر بىلەن چىڭ باغلاپ،
ئوقورىغا يەم - بۇغۇزنى قويۇپتۇ.
قىز قارىسا چارۋا ماللار بەك مەيۈس،
ئوقۇرىدىن بېشى تووەن ياتارمىش.
بەزىسىنىڭ كوزلىرىدىن دەريادەك
توختىماستىن قانلىق ياشلار ئاقارمىش.

ئاق - زىرىنلىق دەردىدىن ئۇي ئىچىنى
دادۇ - پەريات، ئاھۇ - زارلار قاپلاپتۇ؛
چۈنكى مۈشۈك يىگىدەكمىش ھەلەپنى،
ئىت ئالدىغا يۈگمەچ ئوت تاشلاپتۇ؛
ئوقۇرىدا غىچلار سوگەك كالىنىڭ
ياغ تۇرغىدەك ئوقۇرىدا ئۆچكىنىڭ؛
مەنتاڭلارغا قاقىر ئۇرغان ئۇزىنى
ئالدىدا ساپ لازا تۇرار چوشقىنىڭ.
چىدالماستىن بۇ ئەھۋالغا چىۋەر قىز،
ھەر بىرسىگە ئوز رىسقىنى بېرىپتۇ.
كالا - ئوچكە يېشىل ئوتنى چاينىغاچ



رەھمەت ئېيتىپ قىزغا تازىم قىلىپتۇ.
يەنە بىر ئۆي گويا زىندان، ئىچى ئوت
چورىسىدە زەنجىرلەنگەن كىشلەر؛
بىر - بىرسىگە چىش قايرىپ ئوت چېچىشار
گويا دوزاق ئىچرە چۆشكەن ۋەھشىلەر.
... سۇ بويىدا دەرەخلەرگە باغلانغان
قانچە ئىنسان قاغجىرىغان لەۋلىرى.
سوزلىشىشكە مادارى يوق ئۇلارنىڭ
ئۇسسۇلقتىن قۇرۇپ كەتكەن تىللىرى.
سۇ تامغۇزۇپ ئېغىزىغا ئۇلارنىڭ
قوللىرىنى قىز يېشىپتۇ بىر - بىرلەپ.
ھالسىزلارنى ياتقۇزۇپتۇ چىمەنگە
ماڭغىدەكنى ئېپ مېگىپتۇ يېتەكلەپ.
... يەنە بىر ئۆي قىستىلىشقان ئادەملەر
سەن سېمىزى، مەن ئورۇقمەن، دەيدىكەن.
چۈنكى دىۋە ھەر كۈنلىگى ئۇلارنىڭ
سېمىزىنى تاللاپ يۇرۇپ يەيدىكەن.
قىز كىرىپتۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆيگە
ئۇندا ياتار تاشقا ئوخشاش بىر يىگىت.
يېنىدىكى خاتىرىگە يېزىلغان
سىرلىق ۋەقە ھەققىدىكى بىر بېيىت:
"يىگىت ئىدى يىگىت ئىچىدە مەردانە،
يىگىت ئىدى يەر يۈزىدە يىگانە.
مەلئۇن دىۋە تاش قىلىۋەتتى يىگىتنى،
بولغاچ يىگىت ئەل بەختىگە غەمخانە.
دىۋىنىڭكى ئادەم خۇمارگېلىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاتقان يىگىت- غەزنۇنىڭ ئوقىنى
شۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىدە
ئىشقا سالدى دىۋە بارۇ - يوقىنى.
زەنجىرلەنگەن مەھبۇسلارنى شۇ يىگىت
ئەركىن - ئازات يايرىتىشنى ئويلايتتى؛
قەپەزدىكى بۇلبۇل ئوخشاش يۈرەكنى
كەڭ گۈلزاردا سايرىتىشنى ئويلايتتى.
ئەل بەختىنى كوزلەپ كېچىپ جېنىدىن
ياۋغا قارشى ساداق ئۈزگەن مەيداندا؛
قەست ئەيلىدى ياۋۇز دىۋە يىگىتكە
نابۇت بولدى تىلەكلىرى ئارماندا.
ياق ئۆلمىدى، بۇ يىگىتتە ئۈمىت بار
قىرىق شەرتنى ئورۇنلىساڭ تىرىلەر.
بىر - بىرسىدىن مۈشكۈل تۇرسا بۇ شەرتلەر
قېنى ئاگا قانداق پەرى بېرىلەر.
بىرىنچى شەرت نىكالانسۇن تاش يىگىت
يەر يۈزىدە ئەڭ پاك بولغان قىز بىلەن.
ئۇندىن كېيىن ئورۇنلانسۇن قالغان شەرت
دەپتەردىكى كورسىتىلگەن ئىز بىلەن!..."
ساھىپجامال ئوقۇپ بولۇپ دەپتەرنى
ۋۇجۇدىدا- سېزىپ قاپتۇ ئۆزگە ھال.
ۋىژىلداپتۇ يۈرەك باغرى كاۋاپتەك
ۋە سوراپتۇ ئۆز - ئۆزىدىن: "بۇ نىدھال؟!"
رازى ئىكەن ئۆز جېنىنى شۇ تاپتا
تاش يىگىتكە ئۆتۈنۈشكە ئۇ گۈزەل.
پەرۋانە بوپ تاش يىگىتنى ئايلىنىپ



كوز يېشىدىن سۇ سېپىپتۇ بىر مەھەل.
زەنجىرلەردىن ئازات بولغان كىشىلەر
ئاستا - ئاستا قىز ھالىنى بايقاپتۇ.
"كويۇك يامان يەر يۈزىدە ھەممىدىن"
دېيىشىپتۇ، باشلىرىنى چايقاپتۇ.

× ×

مەلئۇن دىۋە بىر ئۇخلىسا قىرىق كۈن
ئۇلۇكتەكلا ئۇخلايدىكەن خاقىراپ.
تۇيمايدىكەن،
ئۆلمەيدىكەن ئۈستىدىن
ئوت ھارۋۇلار باسقاندىمۇ غاقىراپ.
ساھىپجامال مۇشۇ سىرلىق قورادا
ئازات بولغان ئادەملەرگە بېقىپتۇ.
گۈزەل قىزنىڭ ئېيتقان سوزى شەربەتتەك
ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىگە يېقىپتۇ:
"ئويغانغىچە مەلئۇن دىۋە،
بارچىمىز
ئۇنىڭ جېنى قانداق يەردە تاپايلى.
يەر يۈزىدىن يوقىتىپ بۇ ياۋۇزنى
ئاندىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ ياشايلى."
ئىت دەپتىكى: "كۈچلۈك پۇراش سېزىمىم
تېپىپ بېرەي ئۇنىڭ جېنى قەيەردە؟"
دەپتۇ مۈشۈك: "ئۇلۇم ئارتۇق مەن ئۈچۈن
ئەسقاتمىسام مۇشۇ ئىشتا ئەگەردە."

ھەممە بىردەك شۇم دىۋىنىڭ جېنىنى
تاپماق بولۇپ تۇشمۇ – تۇشتىن ئىزدەپتۇ.
ئىت كېلىپ چوڭ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە
"تاپتىم" دەپتۇ، خوشاللىقتا سەكرەپتۇ.
ئۇز جېنىنى پىدا قىلىپ مايمۇنمۇ
ئاسمان پەلەك شۇ دەرەخكە چىقىپتۇ.
گوياكى چار يىلان كەبى ھوقۇشنىڭ
پوكۇنىدا بىر جۇپ تۇخۇم يېتىپتۇ.
شۇ تۇخۇمنى چېكىسىگە دىۋىنىڭ —
قويۇپ، ئۇلار گۇرزى بىلەن يەنچىپتۇ.
ئادەملەردىن تاكى ھايۋان، قۇشقىچە
شۇ دىۋىگە نەيزە – نەشتەر سانچىپتۇ.
جەسىدىگە ئوتلار يېقىپ دىۋىنىڭ
ئازات بولغان بارچە قۇللار يايراپتۇ.
ساھىبجامال ۋە تاش يىگىت توينى
ئارزۇ – ئارمان قالمىغىدەك ئوينىپتۇ.

1980 – يىل 28 – ئىيۇن



## ئاق ئەتىرگۈل

كەچمىشلەردىن قىراۋ قونغان، چېچى سۈت رەڭگى،
بىر جۇپ ئاشىق بۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قېلىشتى.
گويا بىر جۇپ ئاققۇ نەپىس كوللەردە ئۈزۈپ،
گويا بىر جۇپ ئاق ئەتىرگۈل پۇراق چېچىشتى.

ئىلگىرى بۇلار بۇ كوچىدىن جۇپ ئۆتكەن ئەمەس،
يىگىت كەتكەن توي مەركىسىدە تۇرمە ئىچىگە.
شۇندىن بۇيان مەشۇقىنىڭ كۆتكەن تاڭلىرى،
بەنت بولغان قاپ قاراڭغۇ زۇلمەت كېچىگە.

مەشۇقى ئۆتكەن بۇ كوچىدىن زاغرا غاجلاپ،
ئاق توقاچنى تۇرمىدىكى يارىغا تۇتۇپ.
شۇ كوچىدا تۇزۇلمىسۇ ياشلىق غۇنچىسى،
شۇ كوچىدا ئىنگەلمىدى جۇت قەددىنى پۈكۈپ.

مەشۇقى ئۆتكەن بۇ كوچىدىن سازايى بولۇپ،
يۈرىكىگە لەختە – لەختە قان – زەرداپ تولۇپ.
باشتا قاپاق، يۈزىدە رەڭ، بوينىدا تاختاي،
مۇتىھەملەر چاچلىرىنى تۇراتتى يۇلۇپ.

— گۇناھى يوق ئۇنىڭ پەقەت، چىن ھەقىقەتنى
ئىشقى بىلەن ئومۇر بويى سۆيگەندىن بولەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاھ! ئۇكۈنلەر چۈشسە ئەسكە كۆزدىن ئاقار ياش،
پۈتمەس - ئۆچمەس دەرد غەزەپتە قاينايدۇ يۈرەك ...

كەچمىشلەردىن قىراۋ قونغان، چېچى سۈت رەڭگى،
بىر جۈپ ئاشىق بۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قېلىشتى.
گويا بىر جۈپ ئاققۇ تىنىق كۆللەردە ئۈزۈپ،
گويا بىر جۈپ ئاق ئەتىرگۈل پۇراق چېچىشتى.

1980 - يىل، ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## دۇتار

بولساڭمۇ سەن ئاددى بىر ساز، سۆيۈملۈك دۇتار،
زەپ سۆيىدۇ ئاۋازىڭنى چىن قەلبىم مېنىڭ.
بىر جۈپ تارا — يۈرىكىڭدىن چىققان سادانىڭ،
بىر قانىتى بولۇپ ئۇچار تىلىگىم مېنىڭ.

بەش بارماقتا قانچە ئۇرسا شۇ بىر جۈپ تارا —
بىر - بىرىگە جىپسىلىشىپ كەتمەيدۇ تېگىپ.
ئۆزى يىراق، كۆڭلى يېقىن ئاشىق قەلبىدەك،
تارا ئىچىدە مۇڭ دەرياسى ئۆتۈشەر ئېقىپ.

ئەل سۆيگۈچى ئىشقى بىلەن چالغاندا سېنى،
ئوينار ئۇسسۇل تاغۇ - تاشقا جان كىرىپ ھەتتا.
نام - نىشانسىز قەھرىمانلار كۈيلىنەر سەندە،
سازلار ئىچىدە شادىيانسەن بۇلبۇلۇم دۇتار.



× ×

سۆيىمەن سېنى، سۆيىمەن سېنى دۇتارىم شۇنچە،
سەن بىلەمسەن سۆيدۈرىدىغان كۈچىنى مۇشۇنچە.
كىندىك قېنىم تامچىلىغان زەرەپشان، تارىم —
شاۋقۇنىنىڭ مۇڭى كېلۇر سەندىن بولەكچە.

1980 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## دەريا بويىدا

ساي بىلىگە كەمەردۇر دەريا،
تۇرۇمەن ئۇنىڭ بويىدا تەنھا.
ئېقىشلىرى ئاشۇ دەريانىڭ،
تۇيغۇلىرىمنى قىلغاچ مەھلىيا.

زۇمرەت ئېقىن چاچار ئۈنچىلەر،
دولقۇنلىرى دولقۇنى قوغلاپ.
قالدى شۇ چاغ خىيال بۇرغۇسى،
كۆڭلۈمدىكى بىر سىرنى كولاپ.

ئەزىم دەريا، ئەي كۈچلۈك ئېقىن،
سالسام دەيمەن ساڭا بىر يۈگەن.
ئاشۇ يۈگەن قۇدرىتى بىلەن،
كەينىگە قاراپ سۈيۈك ئاقسىكەن ...

نېمە ھاجەت سېنىڭ سۆيۈگىنى،
ئارقىسىغا قاراپ ئاققۇزماق.
بۇ بولمىغۇر قۇرۇق خىيالغۇ،
مەن شۇنچىلىك بولامتىم ئاخماق!؟

ياق، دوستلۇرۇم ئاشۇ دەرياني،
ئوخشىتىمەن يارىم قەلبىگە.
ئوزگىگە قاراپ ئېقىپ كەتتى ئۇ،
قانداق قايتۇراي ئۇنى كەينىگە!؟

1980 - يىل، ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## كورەۋدۇم

مەن كېزىپ جاھاننى مىڭ، سەندەك دىيارنى كورمىدىم،
مىسلى جەننەت قوينى گۈل، ھوسنى باھارنى كورمىدىم.

ئىنسىلەر گۈللەرگە بۇلبۇل، ئاپتاپپەرەس قۇياش تامان،
سەن كەبى رىشتىمنى تارتقان دىل خۇمارنى كورمىدىم.

كەچلىگى ئاسمان بولۇر ئاموت چىراقلار دېڭىزى،
ئاسمىنان شاخ بويىنغا نۇردىن تۇمارنى كورمىدىم.

قىز - ئوغۇل پەن دۇلدۇلى مىنىپ چىقىپتۇ سەيلىگە،
نادانلىقتىن قەلبىدە قىلچە غۇبارنى كورمىدىم.



ئۇپۇرىنىڭ ھەر زەررىسى گويا قۇياش، ئايدۇر ماڭا،
"نېنىڭ يەپ غېمىڭ يىمەي" تەندە مادارنى كورمىدىم.

كەچلىگى ھوسنۇڭگە كۈن تارتىشىپ تاغ كەينىدە،
ئېيتىدۇ: "مەرتلەر ئېلىدەك غالىيە شۇڭقارنى كورمىدىم."

سەن كۈلسەڭ كۈلگەن بولۇر، بەختىم مېنىڭ، ۋەسلىم مېنىڭ،
ماڭا ئىنتىلگەن يۈرەكتەك قانات قاقارنى كورمىدىم،

1980 - يىل، سىنتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئارمان چېچەكى

چېچەكنىڭ ئىچىدە بولىدۇ چېچەك،
ئارماننىڭ ئىچىدە بولىدۇ ئارمان.
بەزىلەر ئارمىنى بۇرۇن ئاستىدا
بەزىلەر ئارمىنى كوكلەردە چولپان.

× ×

ئەسىرلەپ بىر ئارمان يۈرەكتە بولغان،
ئاتىلار چېپىلسا بالىغا قالغان.
شۇ ئارمان كويىدا ھەتتا جىم - جىت تاغ،
ئاتىدۇ كوكلەرگە دەھشەتلىك ۋولقان.
يۈرەكتىن پەرق ئۇرغان ئارمان چېچىگى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پەلەك ئاتىشىدە ئۇرتىنىپ كەلگەن.
شۇ ئارمان يولىدا توكۇلگەن ياشتىن
دېڭىزلار بىنا بوپ ئۇزۇشكەن يەلكەن.
شۇ ئارمان يولىدا كەتكەن شېھىتلەر
سوڭىگى جەم بولسا پۈتەر نەچچە تاغ.
قانلىق جەڭ سىگنالى ئېيقانتى نىكەم
كېلىدۇ بىز كۈتكەن هور، ئازاتلىق چاغ.
تاغلارنى قۇچاقلاپ، چولنى باغاشلاپ،
نى مەرتلەر جان ئۈزگەن (ئوچۇق كوزلىرى).
گوياكى ئۈنگىسىز ئېسىل غەزنىدەك،
قەلبىدە كەتكەنتى مەردان سوزلىرى.
مۇز داۋان يولىدىن يۈرگەندە نوزۇك①
قار بولۇپ ياغدىڭسەن ئارمان چېچىكى.
ئانلىق سۈتىدە سۇغاردى سېنى،
سادىرنىڭ بوۋىغى (تىلى چۇچىكى).
ئېھ، ئارمان چېچىكى، بوۋىلار دىلىدىن
هەرزامان ئاسرىغان پەپىلەپ سېنى.
مەھمۇت②نىڭ چەۋرىسى ئاچ - زېرىن يېتىم
دېدى: "ئەي چېچەك مۇەگدۇر قېنى؟"
خەجىللىق ئۈلكىدە بېشىڭنى ئېگىپ،
قان - ياشلار سېلىدە ئاقتىڭغۇ لەيلەپ.
زالىملار كوتىرىپ قىلىچ ۋە پالتا.

① نۇزوك — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنچىڭ هوكۇمرانلىرىغا قارشى كۈرەشتە قۇربان بولغان قەهرىمان قىزى نۇزۇگۇم.
② مەهمۇت — مەهمۇت قەشقىرى



كولايتتى تۈۋىڭنى يىلتىزىڭ قىسىلەپ.

..............................................

ئېچىلدى پارتىيە نۇرى بىلەنلا
ئەسىرلەپ بىز كۈتكەن ئارمان چېچىكى.
سائادەت دىلبىرى يوقلىدى ئەلنى،
هەل بولۇپ مۇرادى، ئارزۇ - تىلىكى.
تارىخنىڭ قەدىمى باستى ئالدىغا
ۋە لېكىن تورت نېجىس توردى يولنى.
ئاه، ئارمان چېچىكى قالدىڭسەن خەۋپتە
جۇت - بوران ئالغاندەك ئۈلكىگە گۈلنى.
قەهرىمىز چاقمىغى چاقتى چاراسلاپ،
تورت مەلئۇن بېشىغا چۈشتى هەيۋەتلىك.
ئېھ، ئارمان چېچىكى كۈلدىڭ سەن قاينا،
چىن بەخت دەرياسى ئاقتى شىددەتلىك.

× ×

— ئېھ، ئارمان چېچىكى، سېنىڭ ئېچىلغان
دەۋرىڭگە زامانداش تارىم قىزىمەن.
ۋىسال شاتلىقىدىن تولۇپ ئىلهامغا،
ئۇتۇقلار بابىدىن دەستە تىزىمەن.
بولغاچقا بىز باتۇر، مەرتلەر ئەۋلادى
نېمىتىڭ لەززىتىگە بولدۇق مۇيەسسەر.
قانائەت هىسسىدە مەس بولۇش نومۇس،

چۈنكى بۇ بىز ئۈچۈن دەسلەپكى زەپەر.
قوغلىشىپ بىز سېنى ئارمان چېچەكى
بىر ئىزدىن بارىمىز توختىماي ئالغا.
بىلگىن سەن بۇ چەكسىز ئەقىدىمىزنى،
يەنە زور تىلەكلەر يەتسۇن ۋىسالغا.

1980 - يىل، ئوكتەبىر، گۇرۇمچى

### ئۇچرىشىش

يېڭى يىل،
تاڭ سەھەر، چەكسىز پاياندىز —
سېلىپتۇ تەبىئەت مامۇقتىن ماڭا.
چولپاننى چېكەمگە گۈل قىلىپ قىسىپ
ئىزىمدىن كەشتىلەر باستىمەن ئاڭا.
قەلبىمدە ھاياجان دېڭىزى ئۇركەش
يېڭىچە زەپەرگە تەلپۈنەر يۈرەك.
تومۇرۇم رېلىسىدا توختىماس پويىز
گويە، ۋەتەن ساڭا شان كەلتۈرۈش تىلەك
ۋە لېكىن مېنىڭدىن بۇرۇنراق قارغا
گۈل چېكىپ كېلەتتى ئاقساق بىر يىگىت
ئەنە شۇ يىگىتنىڭ قولتۇق تايىقى
خىيالىم يىپىنى ئالدى دەم چېكىپ ...
لىيۇشاۋچى گۇستازغا گۈل تۇتقۇنۇمچۇن
تۇرمىنىڭ ئىچىدە سوراقتا ئىدىم.



قان ئىچىپ تويمىغان قانخور جاللاتنىڭ —
ئىلكىدە رەھىمسىز قىيناقتا ئىدىم.
ياۋۇزلار دەپسەندە قىلماق بولۇشتى
(مەسۇمە قەلبىمگە چۈشتى غەم - دىشۋار.)
دەل شۇ چاغ پۈت - قولى كىشەنلىك يىگىت
يۆلۈنۈپ ئىبلىسقا گۇردى بىر پەشۋا.
دۈشمەنىنىڭ چىشلىرى چۈشتى تۈكۈلۈپ،
ناتونۇش يىگىتتىن سويۈندى دىلىم.
ئېيە، مەھبۇس نىمە بولۇپ كىردىڭ بۇياققا؟
ئىسمىڭ كىم؟"
دېيىشكە مادارسىز تىلىم.
..............................
كوزىلا ئىپىسىمدە، ئاشۇ كىيىك كوز،
تۇرىدۇ ئالدىمدا مانا نۇر چېچىپ.
سوز ئاچاي،
ياق، ئۇنىڭ پۇتلىرى ساقتى
بەلكىم ئەمەستۇر
تۇردۇم سەل داجىپ.
"سىڭلىم بىلمىقىز" — دىدى ئۇ يىگىت،
ھاياجان فونتانى تاشتى كوزۇمدىن.
بىلمىدىم، نىمە ھال شەپەقلەر شۇ تاپ
قىزىل رەڭ سويەتتى ئىككى مەڭزىمدىن.
"شۇ سىزمۇ؟ قەيەردىن كەلدىڭىز شۇ تاپ؟!"
سورۇدۇم ئۇنىڭدىن غەيرەتكە كېلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

"كونا يىل ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ ئەمدى،
ياندىممەن" — دېدى ئۇ، تونۇشلۇق بىرىپ.
ئىشىك ئاچتى يىگىتكە شۇ دەقىقىدە،
ھېچكىمنى يولاتمىغان قەلبىمنىڭ بېغى
ۋە لېكىن يىگىتنىڭ كۆزى پۇختا ئىدى،
قەلبىنى ئۆرتەيتتى ھەسرەتنىڭ دېغى.
"ھېلىغۇ پۇت ئىكەن، — دېدىم يىگىتكە، —
كىرەك بولسا قارچۇغۇم بەرى سىزگە خاس.
تۇرقى ساق، ۋىژدانى مېيىپ ئادەمدىن،
سىزدەكنى مىڭ ئارتۇق كۆرگەنلىكىم راس."
مەردانە كۈلدى - دە، شۇ چاغدا يىگىت
مېڭىشتۇق تۇتۇشۇپ قوللارنى قولغا.
خۇشپۇراق ئەتىرنىڭ، يۈز مايىنىڭ ئەمەس،
نېفىت ۋە تەرھىدى چېچىلدى يولغا.

1980 - يىل 11 - ئۆكتەبىر

## چېچەك دېڭىزى

سويدى باھار ئانا يۇرتۇم ئاي يۈزىنى،
چېچەكلەرگە زەر نۇرىنى چاچتى ئاپتاپ.
ئۇتلۇق ناخشام زەڭگەر كۆككە ئۇچتى مەغرۇر،
ئاشۇ چېچەك ھېدلىرىدىن قانات تاقاپ.

قولۇمدا زول، ئاق لېنتا يول، مەن چەۋەر قىز،
گويا چېچەك دېڭىزىنى يارغان كاراپ.



بۇ گۈزەللىك دېڭىزىغا ئايدىن كۈمۈش،
كۈندىن ئالتۇن ئەلچى كېلىپ قىلغۇر تاۋاپ.

چېچەك دېڭىزى — گۈزەل جەنۇپ تۇتاش بېغى،
ئۇندا گۈلسىز گىيا ۋە شاخ تاپماقنىڭ تەس.
ئاشۇ گۈللەر دېڭىزىغا بىر چۆمۈلسەڭ،
بۇ دىياردىن باشقا يۇرتقا يانماقنىڭ تەس.

بۇ چېچەكلەر بىر چايقىلىپ سېھىرگاھدەك،
شاخ مانتىسى نىمەتلەرگە شاخنى كومەر.
سانالمايسەن مۆۋىلەرنىڭ تۈرلىرىنى،
قار ئورنىغا ياغار كۆكتىن گويا گوھەر.

چېچەك دېڭىزى، ئەي جەنۇپنىڭ گۈلباغلىرى،
تولدى قوۋزۇم يۇتقىنىمدا سۇ دەپ سېنى.
تيانشاندىن تاخلاپ ئۆتۈپ كەڭ جۇڭغارغا،
پۈركىگەنتىم، چېچەك دېڭىزى قۇچتى ئۇنى.

ئۆپۈق سويگەن چېچەك دېڭىزى — چەكسىز دېڭىز،
سېنى ئالدىم دەستە گۈل دەپ قولۇمغا مەن.
سۇندۇم يەنە گۈلدەستىنى تەكلىماكان —
تەكتىماكان چىن مېھرىلىك ئانامغا مەن.

ئەي جەنۇپنىڭ گۈلباغلىرى، گۈل دېڭىزى،
سېنى سالدىم كۆكرىگىمگە يۈرەك بىلىپ.

ئۇندا سېنى سوقالمايدۇ بوران - جۇدۇن،
ھاياتكەنمەن ئۇستۇرىمەن مېھرىم بېرىپ.

1980 - يىل، ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى

## باغۇنىم

گۇللىرىڭنى يۇلتۇز دېسەم، سەن بىر ئايسەن باغۇنىم،
ئەل ئۈچۈن يوتكەشكە تاغ يەلكەن مەزمۇت پالۇنىم.
ئۇستۇرگىنىڭ مېھرىڭىيا، يۇلغىنىڭ ئوت - شۇم بۇيا،
دەم كېرەك بولغاندىسەن ئاسراشتا باغنى قالقىنىم.
مېھرىڭ گويا چەكسىز دېڭىز ئەل خىزمىتى - ئىشغا
زېھنىڭ سېنىڭ دەريا كەبى ئۇركەش ياسار تاپماي تېنىم.
ئەيلىسەگمۇ تاغنى قۇم، باغلارنى بوستان - لالىزار،
دىمەدىگسەن بىر ئۇمۇر: "پۇللارغا تولسۇن ئالقىنىم"
سۇت كەبى كوڭلۇڭ بىلەن تەربىيىلىدىڭ گۇل - غۇنچىنى،
دىدىڭ مىننەتتىن يىراق: "شۇدۇر بەختىمنى تاپقىنىم."
باغۇنىم، بېغىڭدا گۇل قىلدى تازىم ئەت قوبۇل،
ئىش ئىزىڭدىن تامچىدۇر سېنى قوشاقا قاتقىنىم.

1980 - يىل، دېكابىر، ئۈرۈمچى

## تۇيۇق

تيانشاندا يايلار ئىكەن ئېيىق، يولۋاس، شىر، تېيىن،
مەرت يىگىتچۇن قولنىڭ كىرى — مال ۋە ئاقچا، پۇل، تېيىن.



ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئادىمى خىسلەت دېمەك،
ئۇنىڭسىز تاپقان مېلىڭ، ئايدەك جامالىڭ بىر تېيىن.

1980 - يىل، دېكابىر، ئۈرۈمچى

## ئىنژېنېر

(بىر قىز ئاغزىدىن)

چىن ۋاپاڭىڭ بولىغىنى ئىزدىسەڭ،
تاپقىن مېنىڭ يۈرىگىمدىن ئىنژېنېر.
ئالتۇن بۇلاق قېتىشمىسى ئىزدىسەڭ،
تاپقىن مېنىڭ بىلىگىمدىن، ئىنژېنېر.

پاكىزا - ياكىزا گۇل - غۇنچىلار ئىزدىسەڭ،
تاپقىن مېنىڭ بارمىقىمدىن ئىنژېنېر.
ئاھۇلارنىڭ كوزلىرىنى ئىزدىسەڭ،
تاپقىن مېنىڭ قارىقىمدىن ئىنژېنېر.

ھەقىقانىيەت سىماسىنى ئىزدىسەڭ،
تاپقىن مەقسەت - نىشانەمدىن ئىنژېنېر.
شور ۋە تۇزنىڭ كانلىرىنى ئىزدىسەڭ،
تاپقىن مېنىڭ پېشانەمدىن ئىنژېنېر.

1980 - يىل، دېكابىر، ئۈرۈمچى

## تەم بازىرىدا

دۇنيا بويىچە ھەممىدىن تەملىك،
لەززىتىنى بىلمەكلىك ئۈچۈن؛
ھەرخىل مەخلۇقات چىقاردى ۋەكىل،
مىسلى پىل، ئىنسان، قالغاچۇ - چىۋىن...

ئاشۇ ۋەكىلىنىڭ بولغاچ بىرى مەن،
جاھان بازىرىدا قىلدىم ساياھەت.
ھەرخىل نېمەتنى تېتىدۇق تولۇق،
گېتىمغان تائام قالمىدى پەقەت.

گېتىدۇق ھەتتا جاڭگال مېۋىسى،
دېڭىز گۈلىنىڭ ھەسەل شىرنىسى.
بېيجىڭ كاۋابى، ئەنجان پولۇرى،
نيۇيورك كاتلىتى، رىمنىڭ قىمىزى...

لېكىن، جان دوستلار، جاھان بازىرىدا،
بولسىمۇ نۇرغۇن تاتلىق يېمەكلىك؛
تۇغۇلغان يۇرتۇم تامچە سۈيىگە —
يەتمەسكەن بەرى، دەيمەن يۈرەكلىك.

1980 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى



## مەسىنىڭ „دوستى“

(ساتىرا)

تۇن كېچىدە دەلدەڭشىگەن مەس،
دەرەخ تۈۋىدە يېتىپ قالغانتى.
ئېغىز - بۇرنىدىن ئاققان ئىللەتكە،
راسا بۇلغىنىپ يېتىپ قالغانتى.

تاڭنىڭ پەرىسى قېشىن ئاتقان چاغ،
كەلدى لاغىلدا ئىت مەسىنىڭ قېشىغا.
بۇرنىدىن ئۇ ئېقىپ پوتلا،
تىلىدىن شۇلگەي قۇيدى بېشىغا.

مەسمۇ بۇ ئىشقا ئېيتىپ ئاپىرىن،
دېدى: "جان دوستۇم تەشەككۈر ساڭا
ئەجەپ ئەسقاتتىڭ يامان كۈنۈمدە،
سەندىن باشقىسى نە كېرەك ماڭا".

1980 - يىل نويابىر ئۈرۈمچى

## رەسسام ئاكا، سىزىپ بەر

— ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەلۇم بىر تاققا باندىت
ھېلىق شىمەي تۇرمە قازدۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابچىلارنى

رەھىمسىزلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرگەن ئىدى،
— بىر تارىخچىنىڭ خاتىرىسىدىن.

ئىگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشمايدىغان.
ھەم ماڭسا ئېڭىشمىسە بولمايدىغان؛
تاغ ئېتىكىدە قاپ - قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈر بار،
كەڭلىكىمۇ بىر غۇلاچقا تولمايدىغان.

ئالتە مىڭ كەز بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى،
شىڭ شىسەينىڭ زىندانى بۇ — شۇم دوزىقى.
رەسسام ئاكا، بۇ ئۆڭكۈرنى سىزىپ بەرگىن،
ھەر يۈرەكتە قالغان ئۇنىڭ قانلىق دېغى.

ئەل بېشىغا زۇلۇم، ماتەم كەلتۈرۈشكە،
كۆرمىگىلىغان ئىسيانكارنى ئۆلتۈرۈشكە؛
بۇ تۈرمىنى ياساتقان ياۋ پىلان بىلەن،
ئىنقىلاپنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈشكە.

بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ھەر يېقىغا قاتار قىلىپ،
ئادەملەرنىڭ تەقلىتىدە ئويغان قىلىپ.
شۇ قېلىپقا سىلىنغانتى باتۇر بوۋام،
ئامىغىغا تاختاي تىرەپ مىخ قېقىلىپ.

شۇ بوۋامنى سىزىپ بەرگىن، رەسسام ئاكا،
بۇ رەسىمدىن پۈتكۈل خەلقىم بولسۇن ئاگاھ.



ئوز تېنىدىن تار بىر گورنى بەرگەن ئاران،
ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا بۇ پانى دۇنيا.

سىزغىن ئۇنىڭ دەرت ئورلىگەن يۈزلىرىنى،
پۈتمەس غەزەپ يالقۇنلىغان كوزلىرىنى؛
ئېيتىپ بەرسۇن بۇ يەردىكى ھەر دانە تاش،
شۇ بوۋامنىڭ بىزگە ۋەسىيەت سوزلىرىنى.

شۇ رەسىمگە باققىنىمدا ھەر بىر قېتىم،
ھور دەۋرىمگە دەريا بولۇپ ئاقسۇن مېھرىم.
مويسىپىتلار قايىل بولسۇن تالانتىڭغا،
چىن رېيالىست رەسسام دېسۇن سېنى ئېلىم.

1981 - يىل، يانۋار، ئۈرۈمچى.

## بىر ئۆمۈر

(غەزەل)

ئېيتمىسام يارغا يامان سوز ئولگىنىمچە بىر ئۆمۈر،
ئالسام ھەر چاغ يارنىڭ كوڭلى كۆلگىنىمچە بىر ئۆمۈر.

ئەل ئۈچۈن دەپ جەڭگە كىرگەن يارغا كەلسە ياۋ ئوقى،
توسسام تېنىم قالقان قىلىپ كەلگىنىمچە بىر ئۆمۈر.

مىڭ دوزاق ئوتى بىلەن كويدۇم ئاگا يوق ئارمىنىم،
ئوتسەم ھايات كوۋرۈكىدىن كويگۈنۈمچە بىر ئۆمۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مىڭ زۇلەيخا ئىشقىدا سۆيدۈم يۇسۇپتەك يار سېنى،
ئەلنى سۆيدۈك ئىككىمىز ئۆنۈمىڭ سەنەتچە بىر ئۆمۈر.

1981 - يىل، ئۈرۈمچى.

## خانتەڭرى قىزى

ئەي ئەزىمەت خانتەڭرى ئانا مەكتىۋىم،
تەسەددۇقتۇر سەن ئۈچۈن تەندىكى جانىم.
سەن ئوتلۇق يۈرىگىمسەن، سەن مېنىڭ باغرىم،
سەن شەۋكىتىم - شانىمسەن، دىلدىكى بارىم.

ئىش - ئىجات بىلەن سېنى گۈلگە ئورايمەن،
ئىپار ھىد شامالىڭنى تويماي پۇرايمەن.
قاراپ گۈزەل ھۆسنۈڭگە قانداق قاناي مەن،
بىر يالقۇنمەن، ئىشقىڭدا مەڭگۈ ياناي مەن.

ئاستىڭ پەۋەس مەدەنگە، ئالتۇن - كۈمۈشكە،
باغرىڭ شۇنچە گۈزەلدۇر ئوخشار بېھىشكە.
تورتلىشىنىڭ يولىدا، ئۆزۈڭ سەپەردە،
بېلىمنى چىڭ باغلىدىم سېنى گۈللەشكە.

1981 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



## رۇبائىيلار

1

خەنجىرىم باردۇر دەپ كورەڭلەپ كەتمە،
كىمگە ئۇرۇشنى بىلمىسەڭ ئىنسان مەن دېمە.
ئۆزەڭنى ئەر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر بىل،
يەمىسۇن دوستلۇرۇڭ سېنىڭدىن زەخمە.

2

ئىككى نان تاپساڭ بىرنى داپ چالما،
باشقىلار ئالدىدا كورەڭلىك قىلما.
دانا كىم دېسەڭ ئۆزىنى بىلگۈچى،
ئۆزەڭنى چاغلىماي، بازارغا سالما.

3

يېمەكتە، كەيمەكتە قانائەتكە تول،
ئوقۇشتا، ئىشلەشتە قانائەتسىز بول.
مۇبادا بۇ نىسبەت ئالمىشىپ قالسا،
ئېنىقتۇسىز خەتەردۇر ھاياتىڭكى يول.

## 4

ياخشىغا ياخشى كۈن بەرمىگەن خۇدا،
يامانىنىڭ جاجىسىنى بەرمىگەن خۇدا.
نامەرتلەر ئاتلىقتۇر، مەرتلەر پىيادە،
پىيادىنى پۇتىدىنمۇ قىلىۋەتمە جۇدا.

## 5

چىن ئىنساندۇر بىر ئۆمرىدە بىرلا سويگەن،
سامان چوغىدەك ئۆچمەي، ئۆرۈك ئوتتەك كويگەن.
چىن ئىنساندۇر بىلمىسىمۇ گەرچە كويۇشنى،
كويگەن كىشىنىڭ بىر ئۆمۈر قەدرىنى بىلگەن.

## 6

چىلىڭ تۇتمىساڭ كەچتە پۇشمان ئەگەر سەھەرنى،
چىلىڭ تۇتمىساڭ كۈزدە پۇشمان ئەگەر باھارنى.
مېھنەت بىلەن ئەر كوكلەيدۇ، يامغۇر بىلەن يەر،
يولەپ قويسا ئورە تۇرماس قۇرۇق تاغارنى.

## 7

پۇل پەرەس ئادەمدە بولمايدۇ ۋىجدان،
ئۇنىڭغا بارچىدىن پۇلدۇر بەك ئوبدان.
پۇل پەرەس نامەرت بىلەن پولو يىگەندىن،
ياخشىدۇر مەرت بىلەن ئىچسە گەر يوبدان.



## 8

نامەرتلەر ئۇنۇتقاق كېلىدۇ ئاجايىپ،
يەلكىسىگە چۇشسە ئاپتاپ،
كېتەر غادىيىپ.
گەر كەلسە ئۇنىڭغا ياكاق چاقار چاغ،
پادا بېقىشقان دوستنى تاشلايدۇ ئېتىپ.

## 9

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر،
بىر مەزگىل بازار تاپار مەككارلىق ھۈنەر.
قاخشاتتىم دىگەن بىلەن ئۆزگىنى، ئەلنى،
مەككارنىڭ قەۋرىسىدىن يانتاقلار ئۈنەر.

## 10

قىلالماس ئىشىڭغا ۋەدە بەرمىگىن،
ۋەدە قىلغان ئىشىڭنى قىلماي قالمىغىن.
ۋەدىدۇر بىر قەرز، ئىنسانلىق بۇرچ،
ھاياتكەنسەن ئىنسانى بۇرچىنى ئالمىغىن.

## 11

نامەرتلەر ئاجىزنىڭ ئالدىدا پالۋان،
كورستەر ھەيۋىسىنى بولۇپ بىر قاۋان.

كۆچلۈكنى كورگىنىدە يالار تاپىنىنى،
گوياكى بىر كۆچۈك چىرايى سامان.

## 12

خاپىلىق ئۆتكۈنچى بورانغا ئوخشاش،
يوگىلىپ يېتىۋالساڭ ئورانغا ئوخشاش.
خاپىلىق ئالدىدا زىل بولۇپ كەتمە،
بولۇۋالغىن خولىماتاڭ ساراڭغا ئوخشاش.

## 13

ساراڭ ئۆز مەيدانىدا ساقنى ساراڭ دەر،
گاراڭ ئۆز مەيدانىدا ئۆكتىنى گاراڭ دەر.
ئومىچۈك ئۆزى توقىغان مەينەت تورلارنى،
يەر يۈزىدە ئەڭ ئېسىل، نوچى باراڭ دەر.

## 14

نامەرتلەر خار قىلار ئۆزىنىڭ نەسلىنى،
پۇلنىلا باغلايدۇ ئارزۇ - ۋەسلىنى،
پۇل بولسا ئەرشكە، بولمىسا كەشكە —
قارايدۇ،
ئۇنتۇيدۇ هەر چاغ ئەسلىنى.



## 15

بىرلىرى لەۋزىگە ئۆزى ئىگە ئەمەس،
بىرلىرى شارابو - بايلىق بىلەن مەس.
بىرلىرى ئويلايدۇ ياخشىلارغا قەست،
تىكەنلەر ئىچىدە گۈل ئۆستۈرۈش تەس.

## 16

ئەل ئۈچۈن كوپ جاپار چېكەر بىر ئالىم،
شۇ ئالىم پېيىدە هەسەتخور - زالىم.
ئىنسانغا دىيانەت، پەزىلەت تىلەپ،
بىر ئۆمۈر سوزلۇدۇم، قالمىدى هالىم.

## 17

مېنى بەزى دوستلار دەيدۇ: "سەن بەك ياخشى"
بەزىسى دەر: "تېشىڭ بىلەن قېشىڭ ياخشى."
يالغان ماختاش، ئۇچۇرۇشلار ياقماس ماڭا،
بىراق ئىسسىق - سوغاق كورگەن بېشىم ياخشى.

## 18

ئۆتكەن ئۆمرۈمگە باقساڭ قايرىلىپ،
ۋاقىت - ئېقىن سۇ، بىر ئەزىم دەريا.
ۋاقىت - ئاتقان ئوق نىشانغا ماڭغان،
ۋە ياكى ئۇچقۇر دۇلدۇلدۇر گويا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

19

ۋاقىت دېمەك قان، ۋاقىت دېمەك جان،
ۋاقىت - تىرىشچانلىقنىڭ مىنگەن تۇلپارى.
ئۇنىڭ قىممىتى بىباھا چەكسىز،
ۋاقىت - تىرىشچانلىقنىڭ سۆيگۈنى - يارى.

20

ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولماس،
ياكى ھازىدا خوش بولۇپ كۈلگىلى بولماس.
بولسىمۇ يۈرەك گەر مۇشتۇمچە بىر گوش،
ھەر نەقىل ئىككىگە بولگىلى بولماس.



# چىن مۇھەببەت

(داستان)

مەيدانلار چىمەن گوياكى گىلەم،
ئەتراپتا لالە گۈللەر ئېچىلغان.
قەۋەتلىك بىنا - ئىمارەتلەردىن،
دېڭىز يۈزىگە نۇرلار چېچىلغان.
دېڭىز بويىدا ئەتلەس كۆينەكلىك،
بۇلاق كۆز بىر قىز ئولتۇرار شۇتاپ.
مەسۇم قەلبىنى چەكسىز بىلىمگە،
تولدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ كىتاپ.
موتوتسىكلىتتا پوچتا لىيون كېلىپ
دېدى: "ھە سىزغۇ، ھەلىمە ئاتلىق؟"
خەتنى ئاچتى قىز ئىللىق سېزىمدا
قاپلاپ قەلبىنى ئالەمچە شاتلىق.
كەلگەنتى بۇ خەت ھەلىمەبىلەن
بىر كەنتتە ئۆسكەن جەگچى نىيازدىن.
خەتنى ئوقۇپ قىز چۆمدى خىيالغا
لەززەتلەنگەندەك بولدى بىر سازدىن.
"سالام ھەلىمە، تۇرامسىز ئامان،
فۇدەن داشۆيگە كىرىپسىز سىزمۇ.
زورۇر كىتاپلار قىلسىگىز سوغا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلىم كانىدىن ئۆگەنسەك بىزمۇ.
تىيانشاندا بىز تومۇريول قىسىم،
يوللار ياسايمىز چېگرىغا تۇتاش.
تاغلاردىن تاقا رېلىس ئۈستىدە
ئۇچار پويىزلار دۇلدۇلغا ئوخشاش.
گاھى بىز گويا چېلىشچى پالۋان،
ھەل تۇتۇشىمىز جۇدۇنلار بىلەن.
جۇت - شۇۋرغاندىن تالىشىپ چېدىر،
مۇشەققەتلەرگە قىلمايمىز پىسەن
بوزەك بولماسقا تەبەتكە بىز
بىلىسىز زورۇر ئىگەللىمەك پەن.
ئارزۇيىمىز شۇ: زامانىۋىلاشسا،
گۈللەپ ياشناپ بۇ ئانا ۋەتەن......"

..............................

ھەلىمە ئالغان قانچە يىگىتنىڭ
تەكلىپ قويۇشقان مەكتۇپ - خېتىنى.
بەزىسى ھەتتا قىلاتتى ئىزھار
ئۆي، بىساتى، پۇلى، مېلىنى...
بەزى ھىجران، ئازاپ دەردىنى
قىلاتتى بايان ئاھ ئۇرۇپ زارلاپ.
بەزىسى غەيۋەت قامچىلىرىدا
بىگۇنا قىزنى يۈرەتتى ساۋاپ.
تېخى ھەلىمە بىرەر يىگىتنىڭ
تەكلىپلىرىگە كەپ بەرگەن ئەمەس.
ئۇنىڭ يۈرىكى، ياشلىق بۇلبۇلى
پەن گۈلزارىغا تەلپۈنگەن بەس.



جەڭچى يىگىتنىڭ پەننى سۆيۈشى
قوزغىدى قىزدا ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەت
باشلاندى شۇندا بۇ ئىككى ياشنىڭ
ئارىسىدىكى سۆيگۈ - مۇھەببەت.

گۈزەل شاڭخەينىڭ ئىللىق قوينىدىن،
قايتتى ھەلىمە ئوقۇش تۈگىتىپ.
ئاق چاچ دوتسىنت، مۇئەللىملىرى
پويىز يېنىدا قالدى ئۇزىتىپ.
پويىز ئىچىدە خۇشخۇي ھەلىمە
كۈتكۈچىلەرگە قىلاتتى ياردەم.
كوتىرىپ كىچىك بوۋاقلارنى ئۇ
ئانىلىرىنى ئالغۇزاتتى دەم...
بىراق تۇيۇقسىز چىقىراق ئاۋاز
ئاۋازلا ئەمەس، تاسادىپىي ئوت!
بوپ قالدى بىردىن دىبەندە① پەيدا،
كوتىرىلدى دەرھال قىيا - چىيا، "ھويت!"
بېنزىنىن توكۈپ قويغان دىبەنگە
ئەسلى بىرسى بولۇپ بىپەرۋا.
ئۇ بېنزىننى ئوقۇشماستىن خوپ،
سۈركەپ چىققان ئەتراپقا توبا.②
ھەلىمە شۇ چاغ ئوتنىڭ ئۈستىگە،
ئىككىلەنمەستىن ئاتتى ئۆزىنى.

① دىبەن — ۋاگون ئىچىدىكى تاختايلىق يول.
② توبا — پول سۈرتكۈچ.

دومولىدى ئۇ ئۆتنىڭ ئۈستىدە،
مەدھىلەشتى ئەل باتۇر قىزنى.
ئايلىنىپ كۈلگە بولۇشتىن ھالاك،
قۇتۇلدى پويىز، قۇتۇلدى خەلق.
پويىز ئىچىدە باشلاندى بايرام،
مىڭلاپ يۈرەكلەر شاتلىققا غەرق.
بىراق دوختۇردا ياتارھەلىمە،
كويۈك يارىسى تېنىنى قاپلاپ.
چىداپ تۇرالماي دوختۇرلار، پەقەت،
داۋالا رىدى ئۇنى ئاۋايلاپ.
پالاتا ئىچىرە بىر كۈنى ئاڭا،
ئاڭلىنىپ قالدى مۇنداق بىر ناخشا.
ئۇناخشا ئىدى خەلق ناخشىسى،
ئېيتقان رادىيودا ياڭرىتىپ پاشا:①
"يارىم بىلەن ئىككىيلەن،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان..."
"نەدە قىلىشقان بىز باشتا ۋەدە"—
ھەلىمە شۇ چاغ ئويغا چومۇلدى.
مەن مېيىپ قىزنىڭ خىلى ئەمەس ئۇ،
دىگەن بىر قاراش دىلغا پۈكۈلدى.

---

① پاشا — مەشھۇر ئۇيغۇر ناخشىچىسى.



يىگىت ۋوگزالدا يارىنى كۈتۈپ،
خەۋەرنى ئاڭلاپ چاپتى ياتاققا.
"نىياز بىلەن كورۇشمەي تۇراي"
ھەلىمە دىگەنتى، دوختۇر قىزچاققا.
شۇڭا سېستىرا نىيازنى ئەسلا،
كىرگۈزمىدى، قىز ياتقان ئۆيگە.
"گۇنايىم نىمە" دەپ قالدى يىگىت،
(تەگسىز خىياللار ئۆچتى ندلەرگە).
كەلدى قايتىلاپ، لېكىن سېستىرا،
نەسىھەت بىلەن ھەيدىدى ئۇنى.
بولمىدى قوبۇل گۈلدەستىلىرى،
چوڭقۇر ئويلاندىماي بولمىدى بۇنى.
"قوغلاندىم ئۈچ رەت دوختۇرخانىدىن،
قوغلانغىنىمچۇن يوق پۇشايمىنىم.
بىر ئېغىر يۈكتەك تويۇلدى ماڭا
سىزگە ياماق بولالماي تېنىم.
لېكىن بىلىپ قېلىڭ تاكى ئۆلگىچە،
يالغۇزلا سىزنى سويگەنلىگىمنى.
قېزىپ يۈرۈپ تاغ ۋىسال يولىدا،
پەرھات كەبى كويگەنلىگىمنى.
مەن قوغلاندىممەن، لېكىن بىلىسىڭىز،
دىڭىز پاتىدۇ مېنىڭ قەلبىمگە.
چىراي گۈزەللىگى ۋاقىتلىق نەرسە،
ۋىجدان گۈزەللىگى ياشار مەڭگۈگە.
بەرگەن بولسىڭىز ئۆزىڭگە كوڭۈل،
بولۇۋاتامدىمەن يا سىزگە كاشال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەن تېخى ئۈمىت جاڭگاللىرىدا،
سىزنى كورۇشكە ئىزدەيمەن ئامان
يورىگىڭىز ئامان، قەلبىڭىز ئامال،
يەنە نىمىدىن قىلىسىز ۋايىم.
مەنمۇ جەڭچىغۇ، بەلكى جەڭلەردە.
يا كوزۇم كېتەر ياكى ئايىغىم.
مۇھەببەت ئوزى بىر نازۇك سېزىم،
ساداقەت ئۇنى قىلىدۇ ئېزىز.
ئەگەر بىلىسىڭىز تاتۇق ۋە يارا،
مەن ئۈچۈن پەخىر، قەھرىمانلىق ئىز."
قەلبى دەريادەك ئوركەشلەر ئاتتى،
ئوقۇپ يىگىتنىڭ يازغان خېتىنى.
ئاقتى كوز يېشى بولاق سۇيىدەك،
لېكىن قىزىللىق قاپلاپ يۈزىنى.

ئوتكۈنچى يىللار، بەختىيار كۈنلەر،
ئوتتى بىلىنمەي مۇھەببەت بىلەن.
بىر جۈپ قىز - يىگىت يازدى بىر داستان،
ئىنسانى خىسلەت، پەزىلەت بىلەن.

1981 - يىل، فېۋرال، ئۈرۈمچى.



## ئادەم، ئادەمدەك ياشىماق كېرەك

— (پېتۆفىغا① تەقلىت)

ئېھ، ئادەم ئادەمدەك ياشىماق كېرەك،
ئۇ ئەسلا كوچۇكتەك بولۇپ قالمىسۇن.
گوش كورسە ئەگەر شۇلگەيي ئېقىتىپ،
ناتونۇش گادايغا قاۋاپ يۇرمىسۇن.
ئېھ، ئادەم ئادەمدەك ياشىماق كېرەك،
ئۇ، ئەسلا چاشقاندەك بولۇپ قالمىسۇن.
ئوزگىنى تام بىلىپ ھۇلىنى كولاپ،
ھەممىنى غاجىلاپ يالماپ يۇتمىسۇن.
ئېھ، ئادەم ئادەمدەك ياشىماق كېرەك،
ئۇ ئەسلا بىر لابا بولۇپ قالمىسۇن.
كەينىدىن توك ئۇلاپ ئۇنى باشقىلار،
خالىغان پەدىگە نەغمە چالمىسۇن.
ئېھ، ئادەم ئادەمدەك ياشىماق كېرەك،
بۇرنىغا چۇلۇك بوپ قالمىسۇن تەقدىر.
ئولسىمۇ دەپ قالسۇن ئۇنى ئوزگىلەر:
"ئادەمىي خىسلەتلىك ئادەمىدىغۇ بىر"

1981 - يىل، مارت، ئۈرۈمچى.

① پەتۆفى — ۋېنگرىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى.

## مۇھەببەت كىمگە خاس؟

توكۇلگەن چىشى، ئاقارغان بېشى،
دوكىفاق بىر موماي ئالدىرار ئىدى.
ئۇنىڭ قولىدا بىر تال قىزىلگۈل،
خۇشپۇراق چېچىپ يالتىرار ئىدى.
موماي باراتتى دوختۇرخانىغا،
بىلاپ بوپ ياتقان بوۋاينى ئويلاپ.
بوۋايغا سۇنماق بولغان گۈلىگە،
قارايتتى تىنماي يېنىش - يېنىشلاپ.
ئويلايتتى موماي: "زەپ قىسقا ھايات،
يوقالدى ياشلىق (شىرىن چۈش كەبى).
سۇنغان خۇشھىد گۈل ماڭا تۇنجى رەت،
"بۇگۈنكى بوۋاي — تونۇگۈنكى سەبى..."
كورۇپ بۇ ھالنى ھەيران بولۇشۇپ،
كۈلەتتى ياشلار موماي كەينىدىن.
دەيتتى: "مۇھەببەت ياشلارغا خاسقۇ،
چالغا گۈل سۇنۇش قىزىق ھەممىدىن..."
لېكىن مەن دەيمەن: كۈلمەڭلار دوستلار،
ياشلىق مۇھەببەت باھارى راستۇر.
ئەمما مۇھەببەت بىباھا غەزنە،
پەقەت قەدرىنى بىلگەنگە خاستۇر.

1981 - يىل ئىيۇن



## ماڭا كېرەگى ئادىمى ئورۇن

مەن ئادەممەن،
ماڭا كېرەگى
پەقەت ئادەملىك ئورنىلا خالاس.
مەن ئادەممەن ۋىژدان، غۇرۇرلۇق،
ئەمەسمەن ئوغرى ئالمىغان پالاس.

مەن ئادەممەن،
مېھنىتىم بىلەن
تەبىئەتنى ئوزگەرتكۈچىمەن.
ئادىمىلىك ھوقۇقۇم بىلەن،
چولنى گۈل قىپ كوكەرتكۈچىمەن.

مەن ئادەممەن،
خوجايىنىمەن —
ئاتاق، شوھرەت، نومۇسلىرىمنىڭ.
مەن ئادەممەن،
خىزمەتكارىمەن —
ئانا ئەلنىڭ، تەكتۇشلىرىمنىڭ.

مەن ئادەممەن،
لېكىن ھەرگىزمۇ
تالاشمايمەن ئورۇن بىراۋدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگىلەرگە جېنىم پىدادۇر،
شاتلىقىم شۇ: چىقسا پۇخادىن.

شۇڭا ئېيتىمەن دوستلىرۇم دىلدىن،
ماڭا كېرەكى ئادىمى ئورۇن.
قىلىشىم كېرەك ئادەمنى ھۆرمەت،
شۇندا بەختىم ئاچار كەڭ قويۇن.

1981 - يىل، نويابىر، ئۈرۈمچى

## ئوركېستىر

كەڭ ۋەتەن زېمىنى گويا بىر سەھنە،
ئۇندىكى ئوركېستىر قەلبىم سۆيگۈسى.
ئۇيغۇم دەر ئوركېستىر مەزمۇنى مۇنداق:
ھاياتقا مەدھىيە،
پارلاق كەلگۈسى!

× ×

سۆيۈمەن، تەبىئەت، ئوركېستىرىڭنى،
ئۇندا بار ئەزىمەت تاغلار ساداسى.
بۇلبۇلنىڭ قەلبىدىن ئۇرغىغان ناۋا،
ئۇندا بار چاقماقنىڭ يارقىن زىياسى.
ياڭرىسا ھەرىلەر ئىسكىرىپكىسى،
كاككۇكلار زوق بىلەن چېلىشىدۇ داپ.



ئاي بىلەن كۈن گويا ماھىر دېكوراتور،
تۈرلۈك نۇر تەگشەپ شۇ سەھنىگە باپ.
مەردانە دېرىژور تىنىمسىز بوران،
دەريالار ئۈن ئالغۇ لېنتىسى، ئاي - ھاي.
ئۇچقۇملاپ سۇ ئىچىپ دەريا لىۋىدە
زەپ لىرىك مۇزىكا ئاڭلايمەن قانماي،
دېڭىزلار مەۋجىدە بولدۇقلىشىپ سۇ
بېلىقلار قېتىشتى ئوركېستىرغا ئۈن.
چايكىلار دولقۇنغا ئۇرۇپ باغرىنى،
شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا جور بولدى شۇ كۈن.
شۇ ياڭراق ئوركېستىر ساداسى ئىچىدە،
ھېسلىرىم ساماغا ئۆرلىگەن فونتان.
ھەيۋەتلىك تيانشان — يۈرىكىم گويا.
ئېتىكىم — ئىستىقبال كوكىدە چولپان.
ئارىمىدىن ئۈن قېتىپ بىر ياڭراق سادا،
ئوركېستىر كۈيىگە قوشۇلدى بۇ دەم.
تىڭشىغىن بۇ كۈينى، ئۇندا مۇھەببەت،
غايە ۋە ئىستەكلەر بولغان مۇجەسسەم.
پەن سىرى ئۆرلەشنىڭ بەيگىسىدە،
دۇلدۇللار چېپىشى — ئەۋجىسى سازنىڭ.
يوللاردىن غەلىبىلىك ئۆتكەن كارۋاننىڭ،
قوڭغۇراق ساداسى — نەغمىسى سازنىڭ
تاشلانغان قەدەملەر ئالغا ئىلگىرىلەپ،
دىللارنى ياشناتقان رىتىمى ئۈننىڭ.
ئاسماندا يۇلتۇزلار ساندەك گويا،
ئۇتۇقلار باھارى قېتىمى كۈننىڭ.

جاراڭلا ئوركېستىر، سېنى گۈل دىسەم،
مەن ئاشۇ گۈللەرگە شەيدا كېپىنەك.
سويلايمەن گۈزەللىك كولىدە ئەركىن،
مېھنەت قولۇڭغا پالاق بۇ يۈرەك.

1982 - يىل 6 - يانۋار، ئۈرۈمچى

## تۈنجى يامغۇر

تۈنجى يامغۇر سويدى چاڭقىغان،
نوتىلارنىڭ ئۈچى - لىۋىدىن،
چىقتى بۇرتۇپ بىخلار، مايسىلار،
يەرنىڭ باغرى، قوزاق قېتىدىن.

تۈنجى يامغۇر خاسىيىتىدىن،
تولدى ئېرىقلار، ئوينىدى بېلىق.
باغ - ۋارانلار ئۈستى بەرق ئۇرۇپ
مېۋىسى ئۇنىڭ ھەسەلدىن تاتلىق.

شۇ يامغۇرغا ئوخشاتقىم كەلدى،
ئەدەپ - ئەخلاق ئېپىنى بۈگۈن.
ئىسسىل خىسلەت ئۇلغايدى جۇشقۇن،
تېخى يەنە گۈللەيدۇ ئۇ كۈن.

1982 - يىل، ئۈرۈمچى



## سەن يېتىم ئەمەسسەن، قوزام

بۇ دوپپىنى تۈنلىرى ئاناڭ،
كۆيۈقىسىدىن ۋاز كېچىپ تىككەن.
دوپپىدىكى ھەر گۈل ھۆسنىگە،
دىل رىشتىنى يىپ قىلىپ چەككەن.

ئېلىپ كەتتى ئاشۇ مېھرىۋان —
گۆز ئاناڭنى ۋاقىتسىز ئۆلۈم.
ئاتاڭ كوڭلى بولۇڭغان بۈرۈن ...
پاناسىزلىق سەن ئۈچۈن زۇلۇم.

خوش كۆلدۈرۈپ ئاناڭ روھىنى،
چىراق ياقتىڭ يالغۇز كەپىگە.
"ياخشى ئوقى" دەيتتىغۇ ئاناڭ،
شۇ سوز سېنىڭ تۇردى قەلبىڭدە.

تۇتقىن قوزام، مەن باشلاپ باراي،
يېتىملەرنىڭ ئىللىق بېغىغا.
ياخشى ئوقۇپ دارىلئىتامدا،
چىق ئىرپانىڭ ئالتۇن تېغىغا.

چۈنكى، يېتىم ئەمەسسەن ھەرگىز،
يېڭى دەۋر سەن ئۈچۈن يولەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىقبال سېنىڭ سويەر چېكەڭدىن،
ئىشقا ئاشارنى ئارزۇ - تىلەك.

1982 - يىل، ماي، ئۈرۈمچى

## كۆلمەن، يىغلايمەن

(غەزەل)

(بىر قىز ئاغزىدىن)

مىڭ جۇنۇن ئىشقىنى جەم قىپ كوكسىگە،
كويدۇ بىر يىگىت ماڭا ئاجايىپ.
بىراق، مەن خۇشتارمەن ئۆزگە بىرسىگە،
مىڭ سەنەم يالقۇنى قەلبىمدە يېنىپ.

كۆلمەن بۇ جاھان نىمانچە قىزىق،
ئۇ مېنى سويدۇ، مەن بولسام بۇنى.
مۇھەببەت نىمانچە قىيىن ۋە مۇشكۈل،
ئىشق گۈلى گۈلگە كەلگىنى قېنى؟

يىغلايمەن، ئۆتمەكتە ئۆمرۈم ئېقىندەك،
يە مېنى سويگەننى قىلمىدىم خوشال.
يە ئۆزۈم سويگەنگە يەتمەيدۇ قولۇم،
ئاقاردى چاچلىرىم تاپالماي ۋىسال.

1982 - يىل، ئۈرۈمچى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جورى قادىر


布谷鸟的叫声（诗集）

（维吾尔文）

吐·玉素因，孜·艾沙著

阿·吾买尔，提·阿巴汗　编

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

787×1092毫米　32开本　4.5　印张

1982年10月第1版　1983年4月第1次印刷

印数：1——3.500

统一书号：M10264·22　　定价：0.23元


2